5. Give positive and negative answers to the question below :

1. بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىزمۇ؟ ئاۋۇ كىمنىڭ ئۆيى؟
2. ماۋۇ كىمنىڭ رەسىمى؟ سىزنىڭ رەسىمىڭىز ئەمەسمۇ؟
3. ئاۋۇ ئايال ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ؟ ئۇنىڭ ئاپىسى سىزنىڭ ھەدىڭىزمۇ؟
4. ئاۋۇ بالا كىم؟ ئۇ سىزنىڭ بالىڭىزمۇ؟

6. Read the following phrases and analyze the structure of each word :

Example : تاغامنىڭ ئائىلىسى > تاغا + م + نىڭ ئائىلە + سى

ئاكامنىڭ ئايالى — مومىڭىزنىڭ سۈرىتى

سىنىپىمىزنىڭ ئورۇندۇقلىرى — سىڭلىڭىزنىڭ سومكىسى

بالىلىرىمنىڭ مۇئەللىملىرى — ئالىملارنىڭ سۆھبەتلىرى

ئۇكىسىنىڭ سائىتى — ھەدەمنىڭ بالىلىرى

## Lesson Five
## بەشىنچى دەرس

### تۇغقانلىرىم

بىز بىر چوڭ ئائىلە. ئائىلىمىزدە يەتتە جان بار. دادام پروفېسسور. ئاپام دوختۇر، مېنىڭ بىر ئىنىم ۋە بىر سىڭلىم بار، لېكىن ئاكام يوق، هەدەممۇ يوق. بىزنىڭ ئۆيدە يەنە بوۋام بىلەن مومام بار. ئۇلار ئاپامنىڭ ئاتا ئانىلىرى. دادامنىڭ ئاتا ئانىلىرى تاغامنىڭ ئۆيىدە. ئۇ دادامنىڭ ئاكىسى. تاغام يازغۇچى. دادامنىڭ يەنە بىر هەدىسىمۇ بار. هاممام ئارتىس. ئاتا ـ ئانامنىڭ جىق جىيەنلىرى بار. ئۇلار تاغىلىرىمنىڭ ۋە هاممىلىرىمنىڭ ئوغۇللىرى ۋە قىزلىرى.

### دىئالوگ

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!
ــ ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام!
ــ مېنىڭ ئىسمىم جون.
ــ مېنىڭ ئىسمىم بارات. ياخشىمۇسىز، جون ئەپەندى؟
ــ ياخشى، رەهمەت. سىزچۇ؟
ــ يامان ئەمەس، رەهمەت. سىز ئامېرىكىلىقمۇ؟
ــ هەئە، ئامېرىكىلىقمەن. بارات ئەپەندى، سىز ئۇرۇمچىلىكمۇ؟
ــ ياق، مەن ئۇرۇمچىلىك ئەمەس، غۇلجىلىقمەن.
ــ بۇ بالىلار سىزنىڭ دوستلىرىڭىزمۇ؟
ــ هەئە، بۇلار مېنىڭ دوستلىرىم. بۇ ئەخمەت، بۇ تۇرسۇن، بۇ ئابباس.
ــ ياخشىمۇ سىلەر؟
ــ ياخشىمۇ سىز؟
ــ ئەخمەت ئەپەندى، سىز قەيەرلىك؟
ــ مەن قۇمۇللۇق.
ــ سىزچۇ، تۇرسۇن ئەپەندى؟
ــ مەن قەشقەرلىك.
ــ ئاباس ئەپەندى، سىزمۇ قەشقەرلىكمۇ؟
ــ ياق، قەشقەرلىك ئەمەسمەن، خوتەنلىكمەن.

### New Words
### يېڭى سۆزلەر

1. five — بەش
   fifth — بەشىنچى
2. relative — تۇغقان
3. seven — يەتتە
4. and; also — ۋە
5. life, soul; person — جان
6. there be; exist; have (denotes the existence of someone or something) — بار
7. but, however; nevertheless — لېكىن

| | |
|---|---|
| 8. no, none (denotes the absence of someone or something) | يوق |
| 9. again; more; (who/what) else; still; besides | يەنە |
| 10. parents | ئاتا ـ ئانا |
| 11. writer (< - ياز " *to write* ") | يازغۇچى (< ياز ـ غۇ + چى) |
| 12. actor/actress | ئارتىس |
| 13. many/much; a lot (of) | جىق |
| 14. nephew/niece | جىيەن |
| 15. boy; son | ئوغۇل * (ئوغلۇم، ئوغلۇڭ...) |
| 16. girl; daughter | قىز |
| 17. an Islamic greeting (=may peace be with you) | ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! |
| reply to the greeting above | ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام! |
| 18. name | ئىسىم* (ئىسمىم، ئىسمىڭ...) |
| 19. John | جون |
| 20. How are you? | ياخشىمۇسىز؟ |
| 21. Mister, Sir | ئەپەندى |
| 22. thank (you) | رەھمەت |
| 23. bad, evil; very | يامان |
| 24. America | ئامېرىكا |
| 25. Barat (personal name) (M) | بارات |
| 26. Urumqi, the capital city of Xinjiang | ئۈرۈمچى |
| 27. Ghulja, a city in north - west Xinjiang | غۇلجا |
| 28. friend | دوست |
| 29. Ahmat (personal name) (M) | ئەخمەت |
| 30. Tursun (personal name) (M) | تۇرسۇن |
| 31. Abbas (personal name) (M) | ئاббاس |
| 32. where, what/which place | قەيەر |
| 33. Kumul, a city in east Xinjiang | قۇمۇل |
| 34. Kashgar, a city in south - west Xinjiang | قەشقەر |
| 35. Hotan, a city in the south Xinjiang | خوتەن |

## Grammar گراماتىكا

### ئورۇن ـ پەيت كېلىش

### 1. Locative Case

1.1 The locative case form of a noun expresses the location/existence of an action or an item in space or time.

1.2 The locative case suffix exists in four variants : دا +/ تا +/ دە +/ تە +. Selection of variants depends on the palatal harmony with vowels and the voiced/unvoiced harmony with the consonants in the last syllable of the stem.

1) دا + is selected if the last syllable ends in a back vowel ($V_B$), or if it ends in a voiced consonant ($C_{v+}$) preceded by a back vowel ($V_B$);

2) دە + is selected if the last syllable ends in a front vowel ($V_F$), or if it ends in a voiced consonant

preceded by a front vowel;

3) تا + is selected if the last syllable ends in an unvoiced consonant ($C_{v-}$) preceded by a back vowel;

4) تە + is selected if the last syllable ends in an unvoiced consonant preceded by a front vowel. See the chart:

| examples | case suffix | last syllable |
|---|---|---|
| غۇلجا + دا = غۇلجىدا، پارتا + دا= پارتىدا | دا + | $V_B$ |
| بازار+ دا = بازاردا | دا + | $C_{v+} V_B$ |
| ئورۇندۇق + تا = ئورۇندۇقتا | تا + | $C_{v-}V_B$ |
| دېرىزە + دە=دېرىزىدە، خەرىتە + دە = خەرىتىدە | دە + | $V_F$ |
| ئۆي + دە= ئۆيدە | دە + | $C_{v+}V_F$ |
| سۆھبەت + تە = سۆھبەتتە | تە + | $C_{v-}V_F$ |

## 2. The Order of Nominal Suffixes

The suffixes of three grammatical categories, i.e. the plural, the possessive and the case suffixes are attached to the nominal stem in the order as shown below:

$$\text{Stem} + (\text{plural})_1 + (\text{possessive})_2 + (\text{case})_3$$

The parentheses indicate that the application of each suffix is optional. Possible patterns of declension are as follows:

كىتاب + لار > كىتابلار (1 + S) " *books* "
كىتاب + ىم > كىتابىم (2 + S) " *my books* "
كىتاب + نىڭ > كىتابنىڭ (3 + S) " *book ś* "
كىتاب + لار + ىم > كىتابلىرىم (2 + 1 + S) " *my books* ΄"
كىتاب + لار + نىڭ > كىتابلارنىڭ (3 + 1 + S) " *books* ΄"
كىتاب + ىم + نىڭ > كىتابىمنىڭ (3 + 2 + S) " *my book ś* "
كىتاب + لار + ىم + نىڭ > كىتابلىرىمنىڭ (3 + 2 +1 + S) " *my books* ΄"

## 3. Expression of " *to have/have not* " and " *there be* "

Expressions of " to have/to have not " and/or " *there is/there is no* " are rendered by combinations of بار or يوق with the locative or the genitive form of a nominal, indicating the *existence/inexistence* of something somewhere/with someone, or the *possession* or *not* of something/someone by something/someone.

For example:

I have a book./ There is a book with me. — مەندە كىتاب بار.

I have no book./ There is no book with me. — مەندە كىتاب يوق.

I have a/my book. (Lit.: My book exists.) — مېنىڭ كىتابىم بار.

I have no book. (Lit.: My book does not exist.) — مېنىڭ كىتابىم يوق.

There is a man in the house. — ئۆيدە بىر ئادەم بار.

The re is no man in the house. — ئۆيدە ئادەم يوق.

The house has many windows. — ئۆينىڭ جىق دېرىزىسى بار.

The house has no windows. — ئۆينىڭ دېرىزىسى يوق.

**4 . An Application of the Derivational Suffix** لۈك + / لۇق + / لىك + / لىق +

The derivational suffix لىق + / لىك + / لۇق + / لۈك + derives nouns and adjectives from noun stems , and also derives nouns from adjectives .

When the suffix لىق + / لىك + / لۇق + / لۈك + is attached to a place name , the derived noun expresses a person who is a native of that particular place . For example .

غۇلجا + لىق = غۇلجىلىق، ئامېرىكا + لىق = ئامېرىكىلىق؛
قەشقەر + لىق = قەشقەرلىك، فرانسىيە + لىك = فرانسىيىلىك؛
قۇمۇل + لىق = قۇمۇللۇق، نيۇيورك + لۇق = نيۇيوركلۇق؛
كۆمۈچ + لۈك = كۆمۈچلۈك.

See Lesson Six , Grammar section 3 for further explanation of this suffix .

## Exercises and Assingnments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1 . Apply the proper variant of the locative case suffix to each word below : (Pay attention to where a sound change may occur .)

قەشقەر + — > ________، ئۈرۈمچى + — > ________، شىنجاڭ + — > ________،
ۋاشىنگتون + — > ________، ئامېرىكا + — > ________، ئۆي + — > ________،
ئىشىك + — > ________، دېرىزە + — > ________، ئۈستەل + — > ________،
ئورۇندۇق + — > ________، پارتا + — > ________، دوسكا + — > ________،
سائەت + — > ________، دەرس + — > ________، دەپتەر + — > ________،
گېزىت + — > ________، خەرىتە + — > ________، ژۇرنال + — > ________،
مەن + — > ________، مۇئەللىم + — > ________، شوپۇر + — > ________،
كاتىپ + — > ________، دوختۇر + — > ________، مۇدىر + — > ________،

2 . Apply the proper variant of the derivational suffix لىق +/ لىك +/ لۇق +/ لۈك + to the place names below; (pal attention to where a sound change may occur .)

قەشقەر + — > ________، شىنجاڭ + — > ________، ئۈرۈمچى + — > ________،
تۇرپان + — > ________، توقسۇن + — > خوتەن ________ قۇمۇل + — > ________،
تۇرپان + — > ________، توقسۇن + — > ________، غۇلجا + — > ________،
كويتۇن + — > ________، سىئاتل + — > ________، چىكاگو + — > ________،
سان فرانسىسكو + — > ________، تېكساس + — > ________،
سپوكەن + — > ________، لوندون + — > ________، تاشكەنت + — > ________،
ئامېرىكا + — > ________، ۋاشىنگتون + — > ________، جۇڭگو + — > ________،

3 . Complete the sentences by adding one necessary suffix in each blank , then translate them into English :

1) سىنىپىمىز ________ ئۈچ ئوقۇغۇچى بار.
2) ئەخمەتنىڭ سومكا ________ ئابباسنىڭ ئۆيى ________.
3) جوننىڭ دادا ________ ئامېرىكا ________.
4) ئاكا ________ يەتتە كىتاب ________ بار.

5) ئالىمنىڭ دەپتەر ______ مېنىڭ پارتا ______ ______.

6) سېنىڭ ھەدە ______ ______ قىز ______ قەيەر ______ ؟

4 . Give positive and negative answers to the following questions :

1) سىز ئامېرىكىلىقمۇ؟ دوستىڭىزچۇ؟

2) مېنىڭ قەلىمىم ياخشى ئەمەس. سىزنىڭ قەلىمىڭىز ياخشىمۇ؟

3) سىلەرنىڭ سىنىپىڭلاردا بىر كانادالىق ئوقۇغۇچى بارمۇ؟

4) سىزنىڭ ئائىلىڭىزدە قېرى ئادەم يوقمۇ؟

5) بۇ سىزنىڭ كىتابىڭىزمۇ؟

6) تۇرسۇننىڭ ئاكىسى دوختۇرمۇ؟ ئۇنىڭ دادىسىمۇ دوختۇرمۇ؟

7) ئابباسنىڭ ئۆيى خوتەندىمۇ؟

8) تاغىڭىزنىڭ بالىسى ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ؟

9) سىزنىڭ لۇغىتىڭىز چوڭمۇ ـ كىچىكمۇ؟

10) سىزدە جۇڭگونىڭ خەرىتىسى بارمۇ؟

5 . Translate the following sentences into Uighur :

1) I have many nephews .
2) His uncle is a driver .
3) Is John' s friend a Kashgarian ?
4) Where is your home?
5) Is this his dictionary?
6) Our classroom is big . How is your classroom?
7) There are many children in my aunt' s family .
8) Your notebooks are in my bag .
9) What is your friend' s name ?
10) Are you from Urumqi ?

6 . Compose sentences using the given words:

1) ئاكا، ئائىلە، ئۈچ، جان، بار.

2) بىز، سىنىپ، چوڭ، بىنا.

3) ئابباس، قىز، دوست، قەشقەر.

4) ھامما، ئۆي، ياخشى، لۇغەت، بار.

5) بەش، دەرس، جىق، يېڭى، سۆز، بار.

## Lesson Six — ئالتىنچى دەرس

## شېرىن خىياللىرىم

قىشلىق تەتىلدە ئۈرۈمچىگە بارىمەن. ئۇ يەردە مېنىڭ تاغام بار. تاغامنىڭ ئائىلىسى سايباغ رايونىدا. تاغامنىڭ ئۈچ بالىسى بار. چوڭ ئوغلى تاغامنىڭ شىركىتىدە ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى ئەركىن. ئىككىنچى ئوغلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى ئالىم. كىچىك قىزى 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى ئاينۇر.

ئۈرۈمچىدە ھاممام بىلەن ئۈرۈمچى خەلقئارا بازىرىغا بارىمەن. بۇ يېڭى بازاردا ئاتا - ئانامغا ياخشى سوۋغات ئالىمەن. ئۆزۈمگە يېڭى كومپيۇتېر ئالىمەن. ئەركىن بىلەن تاغامنىڭ شىركىتىگە بارىمەن. ئالىم بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارىمەن. ئاينۇر بىلەن ھايۋانات باغچىسىغا بارىمەن...

يازلىق تەتىلدە ئەركىن، ئالىم ۋە ئاينۇر قەشقەرگە كېلىدۇ...

## قەشقەر رېستورانىدا

كۈتكۈچى: خۇش كەپسىلەر مېھمانلار!

مېھمانلار: رەھمەت.

1 - مېھمان: تىجارىتىڭلار ياخشىمۇ؟

كۈتكۈچى: يامان ئەمەس، رەھمەت. نېمە تاماق بۇيرۇيسىلەر؟

2 - مېھمان: نېمە تاماقلار بار؟

كۈتكۈچى: ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ ھەممىسى بار.

3 - مېھمان: مەن لەڭمەن يەيمەن.

كۈتكۈچى: سىزچۇ؟

1 - مېھمان: مەن پولۇ يەيمەن.

كۈتكۈچى: سىز نېمە يەيسىز؟

2 - مېھمان: مەن مانتا يەيمەن.

كۈتكۈچى: رەھمەت. ھازىر تەييار بولىدۇ.

1 - مېھمان: سىلەردە قېتىق بارمۇ؟

كۈتكۈچى: بىزدە ئۆي قېتىقى بار.

2 - مېھمان: مەنمۇ بىر چىنە قېتىق ئىچىمەن.

3 - مېھمان: مەنمۇ.

كۈتكۈچى: خوپ، ھازىر كېلىدۇ.

## New Words — يېڭى سۆزلەر

| | |
|---|---|
| 1. six | ئالتە |
| sixth | ئالتىنچى |
| 2. sweet, delicious | شېرىن |
| 3. thought (s); idea; imagination | خىيال |
| 4. winter | قىش |
| 5. vacation; holiday | تەتىل |
| winter vacation | قىشلىق تەتىل |
| 6. to go (directive) | بار - |
| 7. region, district; area | رايون |

District of Saybagh, a district of Urumqi City — سايباغ رايونى

8. to stay; to stand; to stand/get up; to live; to remain — تۇر -

9. firm, company, corporation — شىركەت

10. to work (< ئىش "*work*$_n$; matter; affair; business") — ئىشلە - (< ئىش + لە -)

11. personal name (M) — ئەركىن

12. university — ئۇنىۋېرسىتېت

13. to study; to read — ئوقۇ -

14. middle — ئوتتۇرا

15. school — مەكتەپ

middle school, high school — ئوتتۇرا مەكتەپ

16. personal name (F) — ئاينۇر

17. with; by the means of (postposition) — بىلەن

18. international (< خەلق "people" + ئارا "between") — خەلقئارا (خەلق + ئارا)

19. bazaar, market — بازار

20. gift, present — سوۋغات

21. to take; to buy; to receive — ئال -

22. self; own — ئۆز

23. computer — كومپيۇتېر

24. animals (animal) — هايۋانات (هايۋان)

25. park; garden (orchard, garden) — باغچە (باغ)

zoo — هايۋانات باغچىسى

26. summer — ياز

summer vacation — يازلىق تەتىل

27. to come; to arrive — كەل -

28. restaurant — رېستوران

29. waiter (< كۈت - "*to serve/wait on*") — كۈتكۈچى (< كۈت - كۈ + چى)

30. you are welcome — خۇش كەپسىز، خۇش كەپسىلەر

31. guest; visitor — مېهمان

32. business; trade — تىجارەت

33. food; meal — تاماق

34. to order — بۇيرۇ -

35. all; all together; every — هەممە

36. langman (hand made noodles topped with fried vegetables/meat) — لەغمەن

37. to eat — يە -

38. rice dish fried with carrot, onion and meat — پولو

39. steamed dumplings stuffed with meat and/or vegetables — مانتا

40. now; at this moment; at present; just (now); soon — هازىر

41. ready — تەييار

42. to be; to become; to happen — بول -

to be/get ready — تەييار بول -

43. yoghurt (< قات - "*to harden, to solidify*") — قېتىق (< قات + ىق)

family style yoghurt — ئۆي قېتىقى

44. bowl; china — چىنە

45. to drink — ئىچ -

46. yes (sir), OK — خوپ

## Grammar گرامماتىكا

### 1. Future Tense and Habitual Action

1.1 The future tense expresses that an action will take place sometime after the time of speech. It is also used to express a habitual action, i.e. a normal, regular and/or constant action.

1.2 The future tense suffix may occur as ى , if the stem ends in a consonant (C), and as ي , if the stem ends in a vowel (V).

The future tense suffix is always followed by a *predicative personal ending* (pp), which indicates the person (s) by whom the action will be completed.

See the chart below:

| example | pp | tense | | person |
|---|---|---|---|---|
| بار ـ ىمەن = بارىمەن، كەل ـ ىمەن = كېلىمەن | ـ مەن | ـ ى | singular | 1st person |
| ئوقۇ ـ يمەن = ئوقۇيمەن، يە ـ يمەن = يەيمەن | | ـ ي | | |
| بار ـ ىمىز = بارىمىز، كەل ـ ىمەن = كېلىمەن | ـ مىز | ـ ى | plural | |
| ئوقۇ ـ يمىز = ئوقۇيمىز، يە ـ يمىز = يەيمىز | | ـ ي | | |
| بار ـ ىسەن = بارىسەن، كەل ـ ىسەن = كېلىسەن | ـ سەن | ـ ى | singular informal | 2nd person |
| ئوقۇ ـ يسەن = ئوقۇيسەن، يە ـ يسەن = يەيسەن | | ـ ي | | |
| بار ـ ىسىز = بارىسىز، كەل ـ ىسىز = كېلىسىز | ـ سىز | ـ ى | singular polite | |
| ئوقۇ ـ يسىز = ئوقۇيسىز، يە ـ يسىز = يەيسىز | | ـ ي | | |
| بار ـ ىسلەر = بارىسلەر، كەل ـ ىسلەر = كېلىسلەر | ـ سلەر | ـ ى | plural | |
| ئوقۇ ـ يسلەر = ئوقۇيسلەر، يە ـ يسلەر = يەيسلەر | | ـ ي | | |
| بار ـ ىدۇ = بارىدۇ، كەل ـ ىدۇ = كېلىدۇ | ـ دۇ | ـ ى | sing./pl. | 3rd pers. |
| ئوقۇ ـ يدۇ = ئوقۇيدۇ، يە ـ يدۇ = يەيدۇ | | ـ ي | | |

Note that the ئا / ئە → ئي / ئى rule does not apply when the *future* tense suffix is directly attached to a monosyllabic stem with the vowel ئا . However, it applies elsewhere, including when the *future tense* suffix is directly attached to a monosyllabic stem with the vowel ئە .

### 2. Dative Case

2.1 The dative case form of nouns expresses the direction or purpose of the action. It may answer the questions: *Where (to)? For (what/who)?*

2.2 The dative case suffix appears in four variants: غا + / قا +/ گە + / كە +. Selection depends on the palatal harmony of vowels and on the voiced/unvoiced harmony of consonants.

1) غا + should be selected if the last syllable ends in a back vowel ($V_B$),

or if it ends in a voiced consonant (Cv+) preceded by a back vowel;

2) گە + should be selected if the last syllable ends in a front vowel ($V_F$),
or if it ends in a voiced consonant preceded by a front vowel;

3) قا+should be selected if the last syllable ends in an unvoiced consonant ($C_{V-}$) preceded by a back vowel;

4) كە+should be selected if the last syllable ends in an unvoiced consonant preceded by a front vowel.

See the chart below

| examples | case suffix selected | structurtre of last syl lable |
|---|---|---|
| غۇلجا + غا = غۇلجىغا | غا + | $V_B$ |
| رېستوران + غا = رېستورانغا، بازار + غا = بازارغا | غا + | $C_{V+}V_B$ |
| تاماق + قا = تاماققا | قا + | $C_{V-}V_B$ |
| ئۈرۈمچى + گە = ئۈرۈمچىگە | گە + | $V_F$ |
| قەشقەر + گە = قەشقەرگە، ئۆي + گە = ئۆيگە | گە + | $C_{V+}V_F$ |
| مەكتەپ + كە = مەكتەپكە | كە + | $C_{V-}V_F$ |

Exception: Words ending in the voiced consonants غ and گdo not take the variants of the dative case suffixغا +/گە+, but take the unvoiced consonant variants قا+/كە+. E.g: بەگكە ;باغ + قا > باغقا
< بەگ +كە. This exception applies to all other suffixes with the same phonetic composition.

## 3. Derivational Suffix لىق + لىك +/ لۇق/ + لۈك +

3.1 The derivational suffix لىق +/ لىك+/ لۇق+/ لۈك+ derives nouns from nominal stems; it can also be used to derive adjectives from nominal stems. E.g.

بىر (one$_{num.}$) + لىك = بىرلىك (unity$_n$)

ياخشى (good$_{adj.}$; well$_{adv.}$) + لىق = ياخشىلىق (goodness, good deeds kindness$_n$)

گۈل (flower$_n$) + لۈك =گۈللۈك (gardenn flowery, colorful$_{adj.}$)

3.2 As explained in Lesson Five, the derived noun may express a person who is a native of that particular place, when the derivational suffix لۈك+/لۇق+/ لىك+/لىق+ is attached to a place name. E.g:

ئامېرىكا+لىق =ئامېرىكىلىق، فرانسىيە+لىك =فرانسىيىلىك، نيۇيورك + لۇق= نيۇيوركلۇق

3.3 This suffix can also be used to denote possession when it is attached to a noun. For example:

سومكا " handbag,purse " > سومكىلىق قىز " a girl with a purse "

ئاتلىق كىشى " a man with a horse =a man with/who is riding a horse ".

## 4. Derivational Suffix لە+/لا-+

The derivational suffix ـلا+/ـلە+ derives verbs from nominal stems. The selection of suffix variants depends on the palatal harmony with vowels in the last syllable of the stem. For example:

باش+لا_/+باشلا_ " to lead < head "

مەدھىيە + لە_ > مەدھىيىلە_ "to praise < praise "

5. The Postposition بىلەن

The postposition بىلەن, when applied to a noun or noun -phrase, creates a postpositional phrases. This [ بىلەن N] is used to express the execution of an action in the company of someone /something or by means of someone/something. This is usually expressed in English with the words "by" or "with". E.g.:

ئاكام بىلەن بازارغا بارمەن. *I will go to the market with my older brother.*

مەكتەپكە ئاپتوبۇس بىلەن بارمەن. I will go to school by bus.

Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇق

1. Apply dative case suffixes to the following nouns:

بازار، تاماق، ئۆي، مەكتەپ، سىنىپ، مېھمان، چىنە، رېستوران، كومپيۇتېر، ئامېرىكا، قەشقەر، ئۇرۇمچى، ئۇنىۋېرسىتېت، گېزىت.

2. Apply future tense forms in different persons to the following verbal phrases:

مەكتەپكە بار_، تەييار بول_، كىتاب ئال_، تاماق بۇيرۇ_، گېزىت ئوقۇ_، سىنىپقا كەل_، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشلە_، قىستىق ئىچ_، لەگمەن يە_، ئالىم بول_.

3. Fill in each blank in the following sentences with a suitable verb in future tense form, and then translate the sentences into English:

1) ئاينۇر بىر چوڭ شىركەتتە ________ .
2) ئاينۇرنىڭ ئىنىسى ئوتتۇرا مەكتەپتە ________ .
3) مەن دوستۇمغا سوۋغات ________ .
4) بىز ھازىر تەييار ________ .
5) سەن قەيەردە ________ ؟
6) سىز نېمە تاماق ________ ؟

4. Fill in each blank in the following sentences with a noun in the proper form, and then translate the sentences into English

1) دادام ________ ئىشلەيدۇ.
2) يازدا دوستلىرىم بىلەن ________ بارىمەن.
3) ھازىر ________ تاماق يەيمىز.
4) بىزنىڭ ________ جىق مېھمان كېلىدۇ.
6) ئوقۇغۇچىلار ________ دەرس ئوقۇيدۇ.

5. Translate the following sentences into English:

1) ئاكامنىڭ قىزى ئامېرىكىدا ئوقۇيدۇ.
2) مېنىڭ قەلىمىم سومكامدا ئەمەس، ئۈستەلدە تۇرىدۇ.
3) بىزنىڭ تامىقىمىز تەييار، ئوغلۇمنىڭ تامىقىمۇ هازىر تەي-
يار بولىدۇ.
4) بازاردا نېمە ئالىسەن؟
5) سىلەر قىشلىق تەتىلدە قەيەرگە بارىسىلەر؟
6) چىنىڭىزدە نېمە بار؟ قېتىقمۇ؟

6. Translate the following sentences into Uighur:

1) What will you drink with this bowl (lit.: in this bowl)?
2) My brother's wife works in a company.
3) His younger brother is not at home, (He is) at school.
4) We will eat a lot of manta in the Restaurant Kashgar.
5) Your langman will be ready soon.
6) What will you buy for your girl-friend?

7. Read the story below with the help of dictionary:

## مېنىڭ خىياللىرىم

بوستونغا بارىمەن، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمەن. دوكتور بولىمەن. چوڭ ئالىم بولىمەن. چوڭ شىركەتلەردە ئىشلەيمەن. قىشتا ئاپام بىلەن خاۋايىغا بارىمەن. يازدا دادام بىلەن ئالياسكىغا بارىمەن. هاۋايىدا هامامنىڭ ئۆيىدە تۇرىمەن، لېكىن رېستوراندا تاماق يەيمەن. هامام قېرى ئارتىس. هونولۇلۇدىكى رېستورانلارنىڭ تاماقلىرى ياخشى. ئالياسكىدا كىچىك تاغامنىڭ ئۆيىدە تۇرىمەن ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدە تاماق يەيمەن. ئالياسكىدىكى رېستورانلارنىڭ تاماقلىرى ياخشى ئەمەس. تاغام قېرى ئەمەس، لېكىن جىق ئىچىدۇ. ئۇ يازغۇچى.

8. Applying plural and possessive suffixes; dative, locative, genitive case and future tense forms where necessary, prepare a composition to present in class.

# Lesson Seven يەتتىنچى دەرس

## يېڭى دەرس

بۈگۈن ئۇيغۇر تىلى دەرسىدە يېڭى دەرسنى باشلىدۇق. مۇئەللىم بىزگە سۆزلەرنى ۋە گراماتىكى-
نى چۈشەندۈردى. كېيىن ھەممىمىز بىرلىكتە تېكىستنى ئوقۇدۇق، مەشىقلەرنى ئىشلىدۇق. مۇئەل-
لىم ئۇيغۇر تىلىدا سوئاللارنى سورىدى. مۇئەللىمنىڭ سوئاللىرىغا بىزمۇ ئۇيغۇر تىلىدا جاۋاب بەر-
دۇق. دەرسنىڭ ئاخىرىدا مۇئەللىم بىزگە تاپشۇرۇق بەردى. بىز بۇ تاپشۇرۇقلارنى ئۆيدە ئىشلەيمىز.
ئۇلارنى ئەتە مۇئەللىمگە تاپشۇرىمىز.

## دىئالوگ

— ياخشىمۇ سىز؟

— ياخشىمۇ سىز؟ كىمنى ئىزدەيسىز؟

— ئايگۈلنى ئىزدەيمەن.

— ئايگۈل يوق. سىز كىم بولىسىز؟

— كەچۈرۈڭ ھەدە، مېنىڭ ئىسمىم يۈلتۇز، ئايگۈلنىڭ ساۋاقدىشىمەن. سىز ئايگۈلنىڭ ئاپىسى-
مۇ؟

— ياق، مەن ئايگۈلنىڭ ھەدىسى.

— ئايگۈل قەيەرگە كەتتى؟

— ئۇ تونۇگۈنلا قەشقەرگە كەتتى. ئۆيگە كىرىڭ.

— رەھمەت، كېيىن كېلىمەن.

— ماقۇل.

— خوش ئەمىسە، ھەدە.

— خوش، سىڭلىم.

## Vocabulary سۆزلۈك

1. seven — يەتتە

   seventh — يەتتىنچى

2. today — بۈگۈن

3. to start begin; to lead(< "باش" *head; beginning* ") — باشلا- (< باش + لا-)

4. word; speech

5. grammar — گراماتىكا

6. to explain (causative of) - چۈشەن " *to understand* " ) — چۈشەندۈر- (چۈشەن- دۈر-)

7. later; after; then — كېيىن

| | |
|---|---|
| 8. together (<بىرلىك "unity" < بىر "one") | بىرلىكتە (<بىر+لىك + تە) |
| 9. text | تېكىست |
| 10. exercise | مەشىق |
| 11. tongue; language | تىل |
| Uighur the language of Uighurs | ئۇيغۇر تىلى |
| 12. question | سوئال |
| 13. to ask | سورا- |
| 14. answer | جاۋاب |
| 15. to give | بەر- |
| to answer (lit. to give an/the answer) | جاۋاب بەر- |
| 16. end; at last; finally | ئاخىر |
| 17. assignment; homework (< تاپشۇر- "*to assign*") | تاپشۇرۇق (<تاپشۇر-ۇق) |
| 18. to hand in, to turn over; to assign; to entrust | تاپشۇر- |
| 19. tomorrow | ئەتە |
| 20. to look (for); to search (< ئىز "trace; foot prints") | ئىزدە-(ئىز+ دە)- |
| 21. women's name | ئايگۈل |
| 22. star; *here*: women's name | يۇلتۇز |
| 23. classmate; schoolmate(< ساۋاق "lesson") | ساۋاقداش (<ساۋاق + داش ) |
| 24. excuse(me), beg your pardon, sorry | كەچۈر-، كەچۈرۈڭ- |
| 25. to leave; to go (to a certain direction or along something) | كەت- |
| 26. yesterday | تۈنۈگۈن |
| 27. come in (2nd person imperative, polite < كىر- "to enter") | كىرىڭ (<كىر-) |
| 28. OK; yes; all right | ماقۇل |
| 29. good-bye | خوش |
| 30. then; in that case; if so | ئەمىسە |

## Grammar گىرامماتىكا

1. Simple Past Tense

1.1 The past tense form of the verb expresses that the action took place sometime before the time of speech. It is also used to express that an action which has not yet taken place will definitely be completed.

1.2 The past tense suffix occurs as - د -, if the stem ends in a *vowel* or in a *voiced consonant*. It occurs as - ت -, if the stem ends in an *unvoiced consonant*.

The past tense suffix is always followed by a *predicative personal ending* (pp), which indicates who completed the action.

See the chart below:

| examples | pp | tense | number | person |
|---|---|---|---|---|
| كەت-ت-ىم = كەتتىم؛ ئىچ-ت-ىم = ئىچتىم | -ىم | ت – $C_{V-}$ | singular | 1st person |
| تۇت-ت – ۇم = تۇتتۇم | -ۇم | | | |
| كۆچ -ت-ۈم = كۆچتۈم | -ۈم | | | |
| يە- د-ىم = يېدىم؛ بار -د – ىم = باردىم | -ىم | د – $V/C_{V+}$ | | |
| ئوقۇ- د – ۇم = ئوقۇدۇم؛ تۇر-د- ۇم = تۇردۇم | -ۇم | | | |
| كۆر- د – ۈم = كۆردۈم | -ۈم | | | |
| كەت – ت – ۇق = كەتتۇق؛ ئىچ -ت -ۇق = ئىچتۇق | – ۇق | ت – $C_{V-}$ | Plural | |
| تۇت-ت – ۇق = تۇتتۇق | | | | |
| كۆچ – ت – ۇق = كۆچتۇق | | | | |
| يە – د – ۇق = يېدۇق؛ بار – د – ۇق = باردۇق | | د – V/CV+ | | |
| ئوقۇ- د – ۇق = ئوقۇدۇق/؛ تۇر -د – ۇق = تۇردۇق | | | | |
| كۆر-د – ۇق = كۆردۇق | | | | |
| كەت-ت-ىڭ = كەتتىڭ؛ ئىچ-ت- ىڭ = ئىچتىڭ | – ىڭ | ت – $C_{V-}$ | singular-informal | 2nd person |
| تۇت-ت- ۇڭ = تۇتتۇڭ | – ۇڭ | | | |
| كۆچ-ت-ۈڭ = كۆچتۈڭ | – ۈڭ | | | |
| يە-د-ىڭ = يېدىڭ؛ بار-د-ىڭ = باردىڭ | – ىڭ | د – $V/C_{V+}$ | | |
| ئوقۇ-د-ۇڭ = ئوقۇدۇڭ؛ تۇر-د – ۇڭ = تۇردۇڭ | – ۇڭ | | | |
| كۆر-د-ۈڭ = ۈڭ = كۆردۈڭ | – ۈڭ | | | |
| كەت – ت- ىڭىز=كەتتىڭىز؛ ئىچ-ت-ىڭىز = ئىچتىڭىز | -ىڭىز | ت – $C_{V-}$ | singular - polite | |
| تۇت-ت-ىڭىز = تۇتتۇڭلار | | | | |
| كۆچ-ت-ۈڭلار = كۆچتىڭىز | | | | |
| يە-د-ىڭىز=يېدىڭىز؛ بار-د-ىڭىز = باردىڭىز | | د – $V/C_{V+}$ | | |
| ئوقۇ-د-ىڭىز =ئوقۇدىڭىز؛ تۇر-د-ۇق = تۇردىڭىز | | | | |
| كۆر-د-ىڭىز=كۆردىڭىز | | | | |
| كەت-ت-ىڭلار = كەتتىڭلار؛ ئىچ-ت-ىڭلار = ئىچتىڭلار | -ىڭلار | ت – $C_{V-}$ | plural | |
| تۇت-ت-ۇڭلار=تۇتتۇڭلار | -ۇڭلار | | | |
| كۆچ -ت-ۈڭلار = كۆچتۈڭلار | -ۈڭلار | | | |
| يە-د-ۈڭلار=يېدىڭلار؛ بار-د-ىڭلار=باردىڭلار | -ىڭلار | د – $V/C_{V+}$ | | |
| ئوقۇ-د-ۇڭلار=ئوقۇدۇڭلار تۇر-د-ۇڭلار=تۇردۇڭلار | -ۇڭلار | | | |
| كۆر-د-ۈڭلار = كۆردۈڭلار | -ۈڭلار | | | |
| كەت-ت-ى = كەتتى؛ ئىچ-ت-ى =ئىچتى | – ى | ت – $C_{V-}$ | singular &plural | 3rd person |
| تۇت-ت-ى = تۇتتى | | | | |
| كۆچ -ت – ى = كۆچتى | | | | |
| يە-د -ى = يېدى؟ بار – د – ى = باردى | | د – $V/C_{V+}$ | | |
| ئوقۇ- د-ى = ئوقۇدى؛ تۇر-د-ى = تۇردى | | | | |
| كۆر – د – ى = كۆردى | | | | |

2 . Accusative Case

2 . 1 The accusative case form of the noun expresses that it is the direct object of the action .

2 . 2 The accusative case suffix occurs only in one form نى +.

2 . 3 It can be omitted when denoting an unspecified general object . However, it may not be omitted if it is preceded by a possesive suffix, or if the noun to which the case suffix is attached is modified by an attributive . The accusative suffix should never be omitted if the noun is a proper noun /name .

For example:

كىتاب ئوقۇدۇم.　　　　بۇ كىتابنى ئوقۇدۇم.
تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن.　　　تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەيمەن.

3 . Particle لا + :

The particle لا + can be attached to any nominal form denoting emphasis , limitation or a very short time . E . g . :

ئاينۇر قەشقەرگە تۆنۈگۈنلا كەتتى.

*Aynur left for Kashgar just yesterday .*

تاغامنىڭ ئائىلىسىدە ئۈچلا ئادەم بار.

*There are only three people in my uncle ’ s family .*

سىز بۇ سوئالغىلا جاۋاب بېرىسىز، ئۇ سوئالغا جون جاۋاب بەردى.

*You will answer only this question , John answered that one .*

4 . Derivational Suffix ق° -

The derivational suffix ق° - (- ۇك/- ۇق/ - ەك/ - اق/ - ىك/ - ىق/ - ك/ - ق) derives nouns from verbal stems . E . g . :

قات - ىق > قېتىق　　*“ to harden, solidify > yoghurt ”*
تاپشۇر - ۇق > تاپشۇرۇق　　*“ to assign > assignment ”*

5 . Derivational Suffix - دا +/- دە +

The derivational suffix - دا +/دە + derives verbs from nominal stems . It is a variant of the derivational suffix - لا +/ - لە + introduced in Lesson Six . E . g . :

ئورۇن + دا - > ئورۇندا -　　“ *to fulfill< place , seat* ”
ئىز + دە - > ئىزدە -　　“ *to look for , search<trace , mark* ”

Exercises and Assignments　　مەشىق ۋە تاپشۇرۇق

1 . Apply past tense suffixes to the following verbs :

باشلا -، چۈشەندۈر-، ئىشلە -، سورا -، بەر -، كەل -، ئىزدە - كەت - كەچۈر - ئوقۇ -، كىر -، بۇيرۇ -، تاپشۇر - ، بار -، تۇر -، ئال - ، ئىچ -.

2. Fill in the blanks with suitable verbs in past tense forms, and then translate the completed sentences into English:

1) قىشلىق تەتىلدە تاغامنىڭ قىزى بىزنىڭ ئۆيگە ________.
2) ئۇ تاپشۇرۇقلىرىنى ياخشى ________.
3) ئاينۇر يېڭى كىتاب ________.
4) مەن ھەممە تاپشۇرۇقلىرىمنى مۇئەللىمگە ________.
5) مۇئەللىم يېڭى سۆزلەرنى ________.
6) بۈگۈن دەرستە مەن تېكىستنى ________.
7) سىز بۈگۈن ئۈچ چىنە قېتىق ________.
8) بىز مۇئەللىمنىڭ سوئاللىرىغا ئۇيغۇر تىلىدا ________.

3. Use the accusative case suffix to fill in the blanks if necessary, and then translate the completed sentences into English:

1) بۈگۈن رېستوران ___ لەغمەن يېدىم.
2) بۇ سوئال ___ كىم چۈشەندۈردى؟
3) ئەخمەت، تاپشۇرۇقلىرىڭىز ___ ئىشلىدىڭىزمۇ؟
4) مەن ساۋاقداشلىرىم ___ ئىزدىدىم.
5) جون يېڭى تېكىست ___ ئوقۇدى.
6) ئايگۈل تۈنۈگۈن كومپيۇتېر ___ ئالدى.

4. Read and translate the following sentences, then compose your own sentences replacing the highlighted words with the given words in the brackets (*pay attention to where the accusative case suffix should be omitted*):

1) بىز يېڭى دەرسنى باشلىدۇق. (ئۇلار، ئوقۇ-)
2) ئابلىز تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىدى. (مەن، تاپشۇر -)
3) مەن مۇئەللىمنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردىم. (ئاكامنىڭ بالىسى، سوۋغات ئال -)
4) ئەخمەت ئۇنىڭ كىتابىنى ئىزدىدى. (بىز، سورا -)
5) سەن مانتا بۇيرۇدۇڭ. (مەن، يە -)
6) ئۇلار ئۇنىۋېرسىتېتقا باردى. (سىلەر، كەل -)

5. Translate the sentences below into English:

1) بىز بۇ يازدا ئۈرۈمچىگە باردۇق.
2) بىز مەشىقلەرنى بىرلىكتە ئىشلىدۇق.
3) ئاپامغا سوۋغاتلارنى بەردىم.
4) يۇلتۇز بازاردا دەپتەر ۋە قەلەملەرنى ئالدى.
5) ئۇلار تۈنۈگۈن رېستوراندا تاماق يېدى.
6) مەن ئۇنىڭ ھەممە سوئاللىرىغا جاۋاب بەردىم.
7) بالامنىڭ تامىقى تەييار بولدى.
8) مەن ئابباسقا گىرامماتىكىنى چۈشەندۈردۈم.
9) ساۋاقداشلىرىم مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلدى.
10) بۈگۈن جىق ئىشىم يوق، دوستۇم بىلەن باغچىغا باردىم.

6. Translate the following sentences into Uighur:

1) He went to Hotan.
2) A guest came to our home.
3) What did they eat?
4) Your (pl.) meal is ready.
5) I explained the question.
6) I looked for my younger brother.
7) I gave your bag to your son.
8) Where did you go yesterday?
9) She came to class yesterday.
10) Yesterday I read your book..

7. Complete the sentences below by applying the proper suffixes and then translate them into English:

1) بىز، تۈنۈگۈن، يېڭى، دەرس، باشلا_.
2) بۇ، سوئال، كىم، سورا_؟
3) ئاينۇر، مېھمان، تاماق، بەر_.
4) ئۇ، ياز، هاما، ئۆي، تۇر_.
5) سىز، بۇ، سوۋغات، كىم، ئال_؟
6) مەن، دوست، ئۆي، پولۇ، يە_.
7) ئۇلار، رېستوران، جىق، تاماقلار، بۇيرۇ_.
8) سىلەر، گراماتىكا، مەشىق، ئىشلە_.
9) مەن، قېتىق، كىم، ئىچ_؟
10) ئالىم، سىنىپ، تاپشۇرۇق، ئىشلە_.

8. Translate the text below into Uighur:

Yesterday I went to my elder brother's home. My elder brother has a lot of books. I took my elder brother's one new book. I will read it tomorrow. Then we went to a restaurant. We ate at a restaurant. I ate manta. He ate langman. I drank a bowl of yoghurt. My elder brother also drank a bowl of yoghurt.

# Lesson Eight سەككىزىنچى دەرس

## بىر كۈنلۈك ئىشىم

بۈگۈن ئەتىگەن سائەت 6 دە تۇردۇم. سەھەردە يېرىم سائەت ئۇيغۇر تىلى دەرسىنىڭ يېڭى سۆزلىرىنى يادلىدىم، تېكىستنى ئوقۇدۇم. سائەت 7 دە ياتاق بىناسىنىڭ ئاشخانىسىدا چېيىمنى ئىچتىم. چايدىن كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتقا باردىم. چۈشتىن بۇرۇن مەكتەپتە بولدۇم. چۈشتە رېستوراندا تاماق يېدىم. چۈشتىن كېيىن كۇتۇپخانىدا يېڭى ژۇرناللارنى كۆردۈم ۋە تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلىدىم. سائەت 5 تە ياتىقىمغا قايتتىم. بۈگۈن كەچتە ئۆزۈم تاماق قىلدىم. پولۇ ئەتتىم. تاماقتىن كېيىن تېلېۋىزور كۆردۈم، كىتاب ئوقۇدۇم. سائەت 10 دا ئۇخلىدىم.

## دىئالوگ

— بۈگۈن ئىمتىھان بارمۇ؟
— مۇئەللىم بۈگۈن ئىمتىھان ئالمايدۇ، ئەتە ئالىدۇ.
— مەن يېڭى سۆزلەرنى تېخى يادلىمىدىم، سىزچۇ؟
— ياق، مەنمۇ تېخى يادلىمىدىم.
— دەرستىن كېيىن نېمە قىلىسىز؟
— دەرستىن كېيىن رېستوراندا تاماق يەيمەن. تاماقتىن كېيىن كىنوغا بارىمەن. سىزچۇ؟
— مەن رېستورانغىمۇ بارمايمەن. كىنوغىمۇ بارمايمەن. يېڭى سۆزلەرنى يادلايمەن.
— مەن بۈگۈن يادلىمايمەن، ئەتە سەھەردە يادلايمەن.
— مەن بۈگۈن يادلايمەن. ئەتە ئىمتىھاننى ياخشى بېرىمەن.
— مەيلى، خوش ئەمىسە.
— خەير-خوش.

## Vocabulary سۆزلۈك

| | |
|---|---|
| 1. eight | سەككىز |
| eighth | سەككىزىنچى |
| 2. day; sun | كۈن |
| 3. work; business; affair; thing | ئىش |
| 4. morning; early | ئەتىگەن |
| 5. dawn,early morning | سەھەر |
| 6. half | يېرىم |
| 7. to memorize; to recite (< ياد " *memory; mind* ") | يادلا- (<ياد+لا-) |
| 8. dormitory; bedroom (<-يات " *to lie down* ") | ياتاق (<يات-اق) |
| 9. kitchen; canteen (< ئاش+خانا " *food+room* ") | ئاشخانا «ئاش+خانا» |

| | |
|---|---|
| 10. tea | چاي |
| 11. noon | چۈش |
| 12. library; study | كۇتۇپخانا |
| 13. to see; to watch; to read | كۆر- |
| 14. to return, to come back; to subside; | قايت- |
| 15. evening, night; late | كەچ |
| 16. to do; to make | قىل- |
| 17. television | تېلېۋىزور |
| 18. ten | ئون |
| 19. to sleep | ئۇخلا- |
| 20. still; (not) yet | تېخى |
| 21. examination, test | ئىمتىھان |
| 22. to take an exam (lit.: to give an exam) | ئىمتىھان بەر- |
| 23. to give an exam (lit.: to take an exam) | ئىمتىھان ئال- |
| 24. movie, film | كىنو |
| 25. ok, all right; as you wish/like; let it be, let go | مەيلى |
| 26. Goodbye | خەير-خوش |

## Grammar گرامماتىكا

1. Ablative Case

1.1 The ablative case form of nouns expresses the starting point of the action in space and time. It indicates where and/or when the action is started, and possibly the reason, source, and course of the action. In English, this is usually expressed by the prepositions "from," or "through". The ablative case may also be used to form comparative sentences.

1.2 The ablative case suffix occurs in دىن -form if the stem to which it is attached ends in a *vowel* or in a *voiced consonant*. It occurs in تىن - form if the stem ends in an *unvoiced consonat*. See examples below.

1) مەن ئۈرۈمچىدىن كەلدىم. (ئۈرۈمچى + دىن: __V+ دىن)

*I came from Urumqi. (Urumqi, the starting point of the action.)*

2) سىز ئۇ قەلەمنى قەيەردىن ئالدىڭىز؟ (قەيەر+دىن: ___Cv+ دىن)

*Where did you buy this pen? (Indicates the source of the the action.)*

3) ئۇ ئىشىكتىن كىردى. (ئىشىك +تىن: ___Cv- تىن)

*He/she /it came in through door. (Indicatesthe course of the action.)*

4) بۇ باغچە ئۇ باغچىدىن چوڭ. (باغچە+ دىن: ـــV+ دىن)

This park is bigger than that one. (Indicates the comparison of size.)

5) ھەممىمىز بىر چىنىدىن قېتىق بۇيرۇدۇق. (چىنە+دىن: ـــV+ دىن)

We ordered a bowl of yoghurt for each. (Indicates the quantity.)

## 2. Rendering "*before* and *after*"

"Before" and "after" are expressed by applying the postpositions بۇرۇن or ئىلگىرى (before) and كېيىن (after) to the ablative case forms of a noun or any nominal. E.g.:

دەرستىن ئىلگىرى نېمە قىلدىڭ؟

*What did you do before the classes?*

دەرستىن كېيىن ئۆيگە كېتىمەن.

*I will go home after the class.*

ئۇ مەندىن بۇرۇن كەلدى.

*He came before me.*

## 3. Negation of Verb

The negative suffix ما –/ مە –is attached directly to the verb stem in accordance with the palatal harmony of vowels, composing the negative stem of the verb (like "do not", "did not" in English). The negative suffix is always applied first to the stem, preceding any other suffixes.

See the chart:

| كەل- | | بار- | | verb |
|---|---|---|---|---|
| past | future | past | future | tense |
| كەل ـ مە ـ د | كەل- مە ـ ي- | بار-ما-د- | بار-ما-ي- | structure |
| كەلمىدىم | كەلمەيمەن | بارمىدىم | بارمايمەن | مەن |
| كەلمىدۇق | كەلمەيمىز | بارمىدۇق | بارمايمىز | بىز |
| كەلمىدىڭ | كەلمەيسەن | بارمىدىڭ | بارمايسەن | سەن |
| كەلمىدىڭىز | كەلمەيسىز | بارمىدىڭىز | بارمايسىز | سىز |
| كەلمىدىڭلار | كەلمەيسىلەر | بارمىدىڭلار | بارمايسىلەر | سىلەر |
| كەلمىدى | كەلمەيدۇ | بارمىدى | بارمايدۇ | ئۇ/ئۇلار |

## 4. Derivational Suffix +خانا

The derivational suffix +خانا derives a noun from a nominal stem. It indicates the place related to noun. E.g.:

ئىش +خانا> ئىشخانا “ office < work ”

دوختۇر +خانا> دوختۇرخانا “ hospital/clinic < doctor ”

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1 . Conjugate the following verbs in postitive and negative forms of both past and future tenses:

كۆر ـ ئۇخلا ـ ئوقۇ ـ باشلا ـ ئىشلە ـ يە ـ بەر ـ كەت ـ بۇيرۇ ـ

2 . Read and translate the following sentences into English:

1) ئالىم ئۆيىدىن مەكتەپكە بىر سائەتتە كەلدى.
2) مەن بۈگۈن مەكتەپتىن كەچ كەلدىم.
3) تاغام دادامدىن چوڭ. ئۇ دادامنىڭ ئاكىسى.
4) سىز بۇ كىتابنى قەيەردىن ئالدىڭىز؟
5) ئابباس ئۆيگە دېرىزىدىن كىردى.
6) كرىستىنا رېستورانغا ھەممىمىزدىن كېيىن كەلدى.
7) بىز بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ھايۋانات باغچىسىغا باردۇق.
8) مېنىڭ ئىشىم سېنىڭ ئىشىڭدىن جىق.
9) مۇئەللىم بىزدىن ئىمتىھان ئالدى.
10) مەن كۇتۇپخانىدىن ئىككى كىتاب ئالدىم.

3 . Read the following questions and give answers in both positive and negative forms:

1) بۈگۈن چۈشتە نېمە تاماق يېدىڭ؟
2) بۈگۈن چۈشتە تاماقنى قەيەردە يېدىڭلار؟
3) سەن نېمە تاماق يەيسەن؟
4) سىلەر تېلېۋىزوردا قانداق كىنو كۆردۈڭلار؟
5) ئەتىگەن مۇئەللىم نېمە ئىمتىھان ئالدى؟
6) مەن ئۇ ئىمتىھاننى ياخشى بەردىم، سەنچۇ؟
7) چۈشتىن بۇرۇن نېمە قىلدىڭىز؟
8) چۈشتىن كېيىن نېمە قىلىسىز؟
9) مەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلىدىم، سىزچۇ؟
10) سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟

4 . Translate the following sentences into Uighur:

1) Our teacher came from Urumqi .
2) I did not order tea, I ordered yoghurt .
3) He came home before his older brother .
4) Our classroom is smaller than your classroom .

5) My father did not come (back) from work yet.

6) I will not read this book.

7) We did not go to the library after the class.

8) We will not not go to the movie, we will watch TV at home.

9) They did not buy a new house, they bought an old house.

10) She will not come before you (do).

5. Read the following short story and translate it into English:

بۈگۈن دەرسىم يوق، مەكتەپكە بارمىدىم. چۈشتىن بۇرۇن بىر ئىش قىلمىدىم. ئۆيدە مېنىڭ ئىد-
شىم يوق. ئۆينىڭ ئىشىنى ئاپام بىلەن دادام قىلىدۇ. كىتابمۇ ئوقۇمىدىم، تاپشۇرۇقلىرىمنىمۇ ئىش-
لىمىدىم. ئاشخانىدا يېڭى گېزىت ۋە ژۇرناللارنى ئوقۇدۇم. چۈشتە ئاپام مانتا قىلدى. مانتىنى جىق
يېدىم. چۈشتىن كېيىنمۇ بىر ئىش قىلمىدىم. بىر سائەت ئۇخلىدىم. سائەت ئىككىدە تۇردۇم. قىز
دوستۇم بىلەن ئىككىمىز هايۋانات باغچىسىغا باردۇق. كېيىن ئۇنىڭ ياتىقىغا باردۇق. ئۇ مەكتەپنىڭ
ياتاق بىناسىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى سىئاتلدا ئەمەس. كەچتە ئىككىمىز بىزنىڭ ئۆيگە كەل-
دۇق. سائەت ئالتىدە دادام بىلەن ئاپام ئىشتىن كەلدى. ئاپام بىزگە شېرىن تاماقلارنى بەردى. تاماق-
تىن كېيىن ھەممىمىز بىرلىكتە كىنوغا باردۇق.

6. Write a short story in Uighur about one day in your life.

*The composition must be at least 10 senteces long. Apply both positive and negative forms of verbs in past and future tenses.*

# Lesson Nine توققۇزىنچى دەرس

## ئۈچ ياتاقداش

بىزنىڭ ياتىقىمىزدا ئۈچ ئادەم بار: پولات، ئەخمەت ۋە مەن. مېنىڭ ئىسمىم ئابباس.
شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى پولات ئوينايدۇ. ئەخمەت بىلەن ئىككىمىز جىق ئوينىمايمىز. شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ كىتاب ئوقۇيمىز، دەرسلىرىمىزنى تەييارلايمىز، تاپشۇرۇقلىرىمىزنى ئىشلەيمىز. بىز ئۈنىڭدىن ياخشى ئوقۇيمىز، لېكىن ئىمتىھانلاردا پولات بىزدىن ياخشى نومۇر ئالىدۇ. بۇنىڭدا نېمە سىر بار بىلمىدىم. سىز بىلەمسىز؟

## ئۈچ ياتاقداشنىڭ سۆھبىتى

— ياخشىمۇ سەن، ئابباس؟
— ياخشىمۇ سەن، پولات؟
— ئەخمەت يوقمۇ؟
— يوق. ئۇ كۇتۇپخانىغا كەتتى.
— ئۇ ھاڭۋاقتى تېخى كەلمىدىمۇ؟ تېلېفون بەردىمۇ؟
— ياق، تېلېفونمۇ قىلمىدى.
— ئاپلا! يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن كىنو باشلىنىدۇ! ئەخمەت قاچان كېلىدۇ؟
— بىلمەيمەن.
— ساڭا كىنو توغرىسىدا گەپ قىلمىدىمۇ؟
— ياق، قىلمىدى.
— ھىم ...... ھەي، مەندە ئىككى بېلەت بار، مەن بىلەن كىنوغا بارامسەن؟
— خاپا بولما، بۈگۈن مېنىڭ ئىشىم بەك جىق.
— بۈگۈن تېخى شەنبە، ئۇئىشلىرىڭنى ئەتە قىلمامسەن؟
— بىرمۇنچە ئىشلىرىم بار، ئەتىمۇ تۈگىمەيدۇ.
— نېمە ئىشلىرىڭ بار؟
— ماقالەمنى تېخى يازمىدىم، تاپشۇرۇقلىرىمنىمۇ ئىشلىمىدىم. يەنە كىيىملىرىمنى يۇيىمەن، ياتاقنى تازىلايمەن......
— كىنوغا ئۆزۈم يالغۇز بارامدىمەن؟
— ......
— مەيلى، خوش ئەمىسە. كەتتىم.
— خوش ...... ۋۇي، ئەنە ئەخمەت كەلدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەخمەتجان!
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، پولاتخۇن!
— ھەي بالا، مەن ساڭا بۈگۈن سائەت ئالتىدە كىنوغا بارىمىز دېمىدىممۇ؟
— دېدىڭ. مانا كەلدىمغۇ.

— كەچلىك چېيىڭنى ئىچتىڭمۇ؟
— ياق، ئەمدى ئىچمەن.
— بولدى، چايغا ۋاقىت يوق. كىنودىن كېيىن ئىچىمىسەن.
—ئاببا، بىز بىلەن بارمايسەن؟
— رەھمەت.
— كەتتۇق ئەمىسە.
— خوش.

## Vocabulary سۆزلۈك

| | |
|---|---|
| 1. nine | توققۇز |
| ninth | توققۇزىنچى |
| 2. roommate (< ياتاق " *bedroom; dormitory* ") | ياتاقداش (<ياتاق + داش) |
| 3. Saturday | شەنبە |
| 4. Sunday | يەكشەنبە |
| 5. to play; to have fun; to fool around (< ئويۇن " game ") | ئوينا - (<ئويۇن* + ا) |
| 6. number, digit; mark, score, grade | نومۇر |
| 7. mystery, secter | سىر |
| 8. activity | پائالىيەت |
| 9. idiot, blockhead | ھاڭۋاقتى |
| 10. telephone; telephone message | تېلېفون |
| 11. to make a phone call, to call | تېلېفون بەر-؛ تېلېفون قىل- |
| 12. Oh dear! Oh my! (*expression of regret and/or dissatisfaction*) | ئاپلا |
| 13. to be started (passive voice of (باشلا -) " *to start; to lead* ") | باشلان - |
| 14. when | قاچان |
| 15. to know | بىل- |
| 16. about; in regard of; concerning (*postposition*) | توغرىسىدا |
| 17. word (s), talk | گەپ |
| 18. to speak; to tell; to talk | گەپ قىل - |
| 19. um (*an interjection used when a person cannot decide what to say*) | ھەم |
| 20. hey (*an interjection used to get someone ' s attention*) | ھەي |
| 21. ticket | بىلەت |
| 22. angry, upset | خاپا |
| 23. to get angry, to be upset, tobe mad | خاپا بول - |
| 24. especially; very much; a lot | بەك |
| 25. a lot (of things), loads of | بىرمۇنچە |
| 26. to be finished; to come to the end; to be over | تۈگە - |
| 27. article; essay; composition | ماقالە |
| 28. to write | ياز- |

29. clothing (< كىي- "to wear") كىيىم (كىي-ىم)
30. to wash يۇ- * (يۇيىمەن، يۇيىسەن؛ يۇيامدىمەن، يۇيۇمسەن)
31. to clean; to purify (< تازا "*clean; pure*") تازىلا- (< تازا + لا-)
32. alone; lonely; solitary يالغۇز
33. hey; wow (*an interjection used to express surprise*) ۋوي
34. there; there . . . is; here . . . comes ئەنە
35. here, here you are مانا
36. evening, night $_{adj}$. (< كەچ "*evening; late*") كەچلىك (< كەچ + لىك)
37. to tell; to say دە-
38. now; just now; recently ئەمدى
39. (past tense of the verb - بول "to be") here: enough; stop (it) بولدى
40. time ۋاقىت

## Grammar گرامماتىكا

### 1. Interrogative Forms of the Verb

The interrogative particle مۇ ± can also be attached to the predicative forms of a verb to make the interrogative form.

1.1 The application of مۇ ± to the positive and negative **past tense** form of the verb is similar to its application to nouns, holding the outmost position in the word structure. See the chart below:

| negative - interrogative | positive-interrogative | person | verb |
|---|---|---|---|
| بار-ما-د-ىم-مۇ> بارمىدىممۇ | بار-د-ىم-مۇ> باردىممۇ | مەن | بار- |
| بار-ما-د-ۇق-مۇ> بارمىدۇقمۇ | بار-د-ۇق-مۇ> باردۇقمۇ | بىز | |
| بار-ما-د-ىڭ-مۇ> بارمىدىڭمۇ | بار-د-ىڭ-مۇ> باردىڭمۇ | سەن | |
| بار-ما-د-ىڭىز-مۇ> بارمىدىڭىزمۇ | بار-د-ىڭىز-مۇ> باردىڭىزمۇ | سىز | |
| بار-ما-د-ىڭلار-مۇ> بارمىدىڭلارمۇ | بار-د-ىڭلار-مۇ> باردىڭلارمۇ | سىلەر | |
| بار-ما-د-ى-مۇ> بارمىدىمۇ | بار-د-ى-مۇ> باردىمۇ | ئۇ/ئۇلار | |
| ئىشلە-مە-د-ىم-مۇ> ئىشلىمىدىممۇ | ئىشلە-د-ىم-مۇ> ئىشلىدىممۇ | مەن | ئىشلە- |
| ئىشلە-مە-د-ۇق-مۇ> ئىشلىمىدۇقمۇ | ئىشلە-د-ۇق-مۇ> ئىشلىدۇقمۇ | بىز | |
| ئىشلە-مە-د-ىڭ-مۇ> ئىشلىمىدىڭمۇ | ئىشلە-د-ىڭ-مۇ> ئىشلىدىڭمۇ | سەن | |
| ئىشلە-مە-د-ىڭىز-مۇ> ئىشلىمىدىڭىزمۇ | ئىشلە-د-ىڭىز-مۇ> ئىشلىدىڭىزمۇ | سىز | |
| ئىشلە-مە-د-ىڭلار-مۇ> ئىشلىمىدىڭلارمۇ | ئىشلە-د-ىڭلار-مۇ> ئىشلىدىڭلارمۇ | سىلەر | |
| ئىشلە-مە-د-ى-مۇ> ئىشلىمىدىمۇ | ئىشلە-د-ى-مۇ> ئىشلىدىمۇ | ئۇ/ئۇلار | |

1.2 However, with the exception of the 1[st] person forms, the interrogative particle مۇ ± is not applied to the outmost position of the future tense form of the verb. It occurs in the form of – م – between the future tense suffixes and the personal endings in the structure of positive and negative future tense forms.

1.2.1 Relocation ofthe inter ro qative partiele a ffects the future tense suffix, wich: 1) takes the form of – ا –/ ە – accordingly, based on the palatal harmony with the vowel in the preceding syllable, if the latter ends in a consonant; 2) merges with the final vowel of the preceding syllable, if the latter ends in a vowel.

1.2.2 The 1[st] person singular personal ending occurs as دىمەن –or دىم –, and the 1*st* person plural personal ending occurs as دىمىز – or دۇق – in such reversed construction situation.

1.2.3 In certain situations, when the verb is in the 1[st] person (singular and plural) future tense form, the interrogative particle مۇ ± may also revert to the original outmost position in the structure of the word. See the chart:

| negative – interrogative | positive – interrogative | person | verb |
|---|---|---|---|
| بار-ما-(ا)-م-دىمەن>بارمامدىمەن<br>بار-ما-(ا)-م-دىم>بارمامدىم<br>بار-ما-ي-مەن-مۇ>بارمايمەنمۇ | بار-ا-م-دىمەن> بارامدىمەن<br>بار-ا-م-دىم > بارامدىم<br>بار-ى-مەن-مۇ> بارىمەنمۇ | مەن | بار- |
| بار-ما-(ا)-م-دىمىز>بارمامدىمىز<br>بار-ما- (ا)-م- دۇق>بارمامدۇق<br>بار-ما-ي-مىز-مۇ>بارمايمىزمۇ | بار-ا- م-دىمىز> بارامدىمىز<br>بار-ا-م-دۇق> بارامدۇق<br>بار-ى-مىز-مۇ> بارىمىزمۇ | بىز | |
| بار-ما-(ا)-م-سەن>بارمامسەن | بار-ا-م-سەن > بارامسەن | سەن | |
| بار-ما-(ا)-م-سىز>بارمامسىز | بار-ا-م-سىز > بارامسىز | سىز | |
| بار-ما-(ا)-م-سىلەر>بارمامسىلەر | بار-ا-م-سىلەر> بارامسىلەر | سىلەر | |
| بار-ما-(ا)-م-دۇ>بارمامدۇ | بار-ا-م-دۇ> بارامدۇ | ئۇ/ئۇلار | |
| كۆر-مە-(ە)-م - دىمەن> كۆرمەمدىمەن<br>كۆر-مە-(ە)-م-دىم>كۆرمەمدىم<br>كۆر-مە-ي-مەن -مۇ>كۆرمەيمەنمۇ | كۆر-ە-م-دىمەن > كۆرەمدىمەن<br>كۆر-ە-م-دىم > كۆرەمدىم<br>كۆر-ى-مەن-مۇ>كۆرىمەنمۇ | مەن | كۆر- |
| كۆر-مە(ە)-م-دىمىز>كۆرمەمدىمىز<br>كۆر-مە-(ە)-م-دۇق>كۆرمەمدۇق<br>كۆر-مە-ي-مىز-مۇ>كۆرمەيمىزمۇ | كۆر-ە-م-دىمىز> كۆرەمدىمىز<br>كۆر-ە - م-دۇق-> كۆرەمدۇق<br>كۆر-ى-مىز-مۇ>كۆرىمىزمۇ | بىز | |
| كۆر-مە-(ە)-م-سەن>كۆرمەمسەن | كۆر-ە-م-سەن> كۆرەمسەن | سەن | |
| كۆر-مە-(ە)-م-سىز>كۆرمەمسىز | كۆر-ە-م-سىز>كۆرەمسىز | سىز | |
| كۆر-مە-(ە)-م-سىلەر>كۆرمەمسىلەر | كۆر-ە-م-سىلەر> كۆرەمسىلەر | سىلەر | |
| كۆر-مە-(ە)-م-دۇ>كۆرمەمدۇ | كۆر-ە-م-دۇ > كۆرەمدۇ | ئۇ/ئۇلار | |

| negative - interrogative | positive - interrogative | person | verb |
|---|---|---|---|
| ئوقۇ-ما-(ا)-م-دىمەن>ئوقۇمادىمىز<br>ئوقۇ-ما-(ا)-م-دىمەن> ئوقۇمادىمەن<br>ئوقۇ-ما-ي-مەن >ئوقۇمايمەنمۇ | ئوقۇ-(ا)-م-دىمەن>ئوقۇمدىمەن<br>ئوقۇ-(ا)-م-دىم > ئوقۇمدۇق<br>ئوقۇ-ي-مەن-مۇ> ئوقۇيمەنمۇ | مەن | |
| ئوقۇ-ما-(ا)-م-دىمىز> ئوقۇمادىمىز<br>ئوقۇ-ما-(ا)-م-دۇق> ئوقۇمادۇق<br>ئوقۇ-ما-ي-مىز-مۇ> ئوقۇمايمىزمۇ | ئوقۇ-(ا)-م-دىمىز>ئوقۇمدىمىز<br>ئوقۇ-(ا)-م-دۇق> ئوقۇمدۇق<br>ئوقۇ-ي-مىز-مۇ > ئوقۇيمىزمۇ | بىز | ئوقۇ- |
| ئوقۇ-ما-(ا)-م-سەن> ئوقۇماسەن | ئوقۇ-(ا)-م-سەن>ئوقۇمسەن | سەن | |
| ئوقۇ-ما-(ا)-م-سىز > ئوقۇماسىز | ئوقۇ-(ا)-م-سىز>ئوقۇمسىز | سىز | |
| ئوقۇ-ما-(ا)-م-سىلەر> ئوقۇماسىلەر | ئوقۇ-(ا)-م-سىلەر>ئوقۇمسىلەر | سىلەر | |
| ئوقۇ-ما-(ا)-م - دۇ> ئوقۇمادۇ | ئوقۇ-(1)-م-دۇ> ئوقۇمدۇ | ئۇ/ئۇلار | |

1.3 An exception is the verb- يۇ "*to wash*" in the future tense:

When conjugating the **positive** stem of the verb - يۇ in **future** tense, a consonant - ي - is attached to the stem, and itis treated like a monosyllabic word that ends in a consonant.

See the chart:

| futune - interrogative | future - declarative | person | verb |
|---|---|---|---|
| يۇي -ا-م-دىمەن > يۇيامدىمەن<br>يۇي-ا-م-دىم > يۇيامدىم<br>يۇي-ى-مەن-مۇ> يۇيىمەنمۇ | يۇي- ى - مەن >يۇيىمەن | مەن | |
| يۇي -ا-م-دىمىز > يۇيامدىمىز<br>يۇي-ا-م-دۇق > يۇيامدۇق<br>يۇي-ى-مىز-مۇ> يۇيىمىزمۇ | يۇي- ى - مىز >يۇيىمىز | بىز | يۇ- ><br>يۇي - |
| يۇي -ا-م-سەن > يۇيامسەن | يۇي-ى -سەن> يۇيىسەن | سەن | |
| يۇي -ا-م-سىز > يۇيامسىز | يۇي-ى -سىز> يۇيىسىز | سىز | |
| يۇي -ا-م-سىلەر > يۇيامسىلەر | يۇي-ى -سىلەر> يۇيىسىلەر | سىلەر | |
| يۇي -ا-م -دۇ > يۇيامدۇ | يۇي-ى -دۇ> يۇيىدۇ | ئۇ/ئۇلار | |

## 2. Declension of Personal and Demonstrative Pronouns

The main function of pronouns is to replace nouns in sentences. Therefore, pronouns can also be declined as nouns when they occur in the position of a noun.

Please note the irregular forms of some personal and demonstrative pronouns while going through the charts below:

1) The merging of the final ن of the pronouns مەن and سەن with the initial ن in the accusative case suffix نى + and the genetive case suffix نىڭ +.

2) The forms of the two pronouns مەن and سەن in the dative case, i.e., ماڭا and ساڭا forms instead of مەنگە (< گە + من) and سەنگە (< گە + سەن).

3) The application of locative, ablative and dative case suffixes only through the [ نىڭ+N] genitive forms of the 3rd person singular pronoun ئۇ and all of the demonstrative pronouns.

Declension of personal pronouns :

| dative | ablative | locative | genitive | accusative | nominative |
|---|---|---|---|---|---|
| ماڭا* | مەندىن | مەندە | مېنىڭ* | مېنى* | مەن |
| ساڭا* | سەندىن | سەندە | سېنىڭ* | سېنى* | سەن |
| سىزگە | سىزدىن | سىزدە | سىزنىڭ | سىزنى | سىز |
| ئۇنىڭغا* | ئۇنىڭدىن* | ئۇنىڭدا* | ئۇنىڭ | ئۇنى | ئۇ |
| بىزگە | بىزدىن | بىزدە | بىزنىڭ | بىزنى | بىز |
| سىلەرگە | سىلەردىن | سىلەردە | سىلەرنىڭ | سىلەرنى | سىلەر |
| ئۇلارغا | ئۇلاردىن | ئۇلاردا | ئۇلارنىڭ | ئۇلارنى | ئۇلار |

Declension of demonstrative pronouns :

| dative | ablative | locative | genitive | accusative | nominative |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۇنىڭغا* | ئۇنىڭدىن* | ئۇنىڭدا* | ئۇنىڭ | ئۇنى | ئۇ |
| بۇنىڭغا* | بۇنىڭدىن* | بۇنىڭدا* | بۇنىڭ | بۇنى | بۇ |
| شۇنىڭغا* | شۇنىڭدىن* | شۇنىڭدا* | شۇنىڭ | شۇنى | شۇ |
| ماۋۇنىڭغا* | ماۋۇنىڭدىن* | ماۋۇنىڭدا* | ماۋۇنىڭ | ماۋۇنى | ماۋۇ |
| ئاۋۇنىڭغا* | ئاۋۇنىڭدىن* | ئاۋۇنىڭدا* | ئاۋۇنىڭ | ئاۋۇنى | ئاۋۇ |

**3. Derivational Suffix** داش +

The derivational suffix داش + derives nouns from noun stems indicating companionship or sharing of something . For example :

" *classmate* " ساۋاقداش <داش + ساۋاق " *class , lesson* "

" *classmate* " سىنىپداش <داش + سىنىپ " *class , group* "

" *schoolmate* " مەكتەپداش <داش + مەكتەپ " *school* "

" *roommate* " ياتاقداش <داش + ياتاق " *bedroom ; dormitory* "

" *collegue* " خىزمەتداش <داش + خىزمەت " *work* "

" *a fellow from a same town/village* " يۇرتداش <داش + يۇرت " *homeland* "

" *com rade; husband/wife; a companion on a journey* " يولداش <داش + يول " *road* "

" *best man (in weddings)* " قولداش <داش + قول " *hand , arm* "

**4. Derivational Suffix** ـا + / ـە + / ـى +

The derivational suffix ـا + / ـە + / ـى derives verbs from nominal stems . For example :

" *to play* " ئوينا- <ا+ + ئويۇن* " *game* "

" *to straighten* " تۈزە_ <ـە_ + تۈز " *straight* "

" *to get rich* " بېيى_ - ى + باي " *rich* "

## 5. Derivational Suffix +م° –

The derivational suffix +م° – derives nouns from verbal stems. It may occur in six different variations as : – ۇم / – ۈم / – ەم / – ام / – ىم / – م . For example :

" chothes " كىيىم < كىي – ىم " to wear "
" handful , a bunch of " تۇتام < تۇت – ام " to catch "
" a bundle " باغلام < باغلا – م " to tie "
" concep tion " ئۇقۇم < ئۇق – ۇم " to know ; to understand "

## 6. Derivational Fuction of the Verb قىل –

The verb قىل – is used to derive verbs from some loan words , when standard Uighur derivational suffixes are not applicable. For example :

" to speak " گەپ قىل – < گەپ " word "
" to ( make a phone) call " تېلېفون قىل – < تېلېفون " telephone "

## 7. Emphatic Particle ± غۇ

Emphatic particle ± غۇ can be applied to the end of nouns and verbs to strengthen the statement. In the dialogue of this lesson (see page 64), the young man said : كەلدىمغۇ " I came , didn ' t I ?!" instead of simply saying : كەلدىم " I came " , emphasizing the statement by application of the particle ± غۇ .

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1 . Conjugate the following verbs in positive and negative interrogative forms of the past tense :

باشلان – ؛ بىل – ؛ دە – ؛ تۈگە – ؛ تازىلا – ؛ يۇ –

2 . Conjugate the verbs given in Exercise 1 above in positive and negative interrogative forms of the future tense.

3 . Read and translate the following phrases into English :

مەندىن چوڭ، سەندىن كىچىك، بۇنىڭدىن ياخشى، ئۇنىڭدا بار، ئۇنىڭغا بېرىمەن،
ئاۋۇنىڭدىن ئالمىدى، ئۇلاردىن سورايمىز، ماڭا تاپشۇرمايسىز؛
مېنى ئىزدەمسىز؟ بۇنىڭدىن ئىچمەمسىلەر؟ ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىڭمۇ؟
ماۋۇلارنى چۈشەندۈرمەيمىزمۇ؟ بۇلارنى بىلمەمدىمىز؟ بۇنىڭدا ئوخلىمامسىلەر؟ ساڭا جاۋاب بېرەمەدىمەن؟

4 . Change the sentences below into future tense positive and negative interrogative sentences , and then translate them into English :

1) ئەخمەت كۈتۈپخانىدىن كەلدىمۇ؟
2) ئىككىڭلار كىنوغا بارمىدىڭلارمۇ؟
3) مەن خاپا بولدۇممۇ؟
4) كىيىملىرىڭىزنى يۇمىدىڭىزمۇ؟

5) تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلىدىڭمۇ؟
6) ئاببا سقا تېلېفون بەرمىدىڭمۇ؟
7) ساڭا بۇ ئىشنى دېمىدىممۇ؟
8) ئىشىڭ تۈگىمىدىمۇ؟
9) ئۇلار كەتتىمۇ؟
10) ئەتىگەن ياتاقنى تازىلىدۇقمۇ؟

5. Rewrite given sentences into negative – interrogative sentences in the past tense :

1) ئەخمەت چۈشتە كېلىدۇ.
2) كىنو باشلىنىدۇ.
3) مەن بۈگۈن ماقالەمنى يازىمەن.
4) ئاببا س پولات بىلەن كىنوغا بارمايدۇ.
5) مۈشۈك ئۆيگە ئىشىكتىن كىرىدۇ.
6) كىيىملەرنى مەن يۇيىمەنمۇ؟
7) ئاكامنىڭ قىزى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇمدۇ؟
8) چېيىمنى كىنودىن كېيىن ئىچەمدىمەن؟
9) بۇ گەپلەرنى پولات چۈشەندۈرەمدۇ؟
10) بىز بىرلىكتە تېلېۋىزور كۆرىمىزمۇ؟

6. Translate the following sentences into Uighur :

1) Did you read this book ?
   Did you not read this book ?
2) Will you give me the book ?
   Will you not give me the book ?
3) Will you be angry ?
   Will you not be angry ?
4) Did she come (back) from work ?
   Did she not come (back) from work ?
5) Did I explain this question to you yesterday ?
   Did I not explain this question to you yesterday ?
6) Hey guys , did you get up ?
   Hey guys , did you not get up yet ?
7) Are we going to have (i. e. : shall we drink) tea ?
   Are we not going to have tea ?
8) Shall I go to the movie with you ?
   Shall I not go to the movie with you ?
9) Is the teacher going to (i. e. : will the teacher) give us an exam today ?
   Is the teacher not going to give us an exam today ?
10) Did you answer (i. e. : give the answer to) the questions in Uighur ?
   Did you not answer the questions in Uighur ?

7. Write a composition in Uighur using as many verbal forms as possible.

*Requirements :*

*Length :* no less than ten sentences or 35 words.

*Vocabulary :* at least 6 verbs and 3 pronouns.

*Provide an English translation.*

8. Read the following passage with the help of your dictionary :

### ئىلتىجا[1]

– ئەي خۇدا، مېنىمۇ باي قىلمامسەن؟ نېمە ئۈچۈن باشقىلارنى باي قىلىسەن، مېنى باي قىلمايسەن؟ مەنمۇ ياخشى يېمەمدىمەن؟ مەنمۇ ياخشى ئىچمەمدىمەن؟

(خۇدادىن جاۋاب يوق.)

– مەنمۇ جىق سورىمايمەن، ماڭا يۈز مىڭ دوللار بېرەمسەن؟

(خۇدادىن يەنە جاۋاب يوق.)

– قەسەم قىلىمەن، ئۇنىڭ يېرىمىنى نامراتلارغا بېرىمەن.

(خۇدادىن يەنە جاۋاب يوق.)

– گېپىمگە ئىشەنمەمسەن؟ مەيلى ئەمىسە، باشتا ئاشۇ يېرىمىنى بەر.

---

[1] This anecdote is adapted from «كۈندە بىر كۈلكە» ( A Laugh a Day ), Xinjiang People's Health Publishing House, 2003, Urumqi. V. 1, p. 71.

# Lesson Ten ئونىنچى دەرس

## شەنبە كۈنى ئەتىگەنلىك چايدا

دادىسى: مەن چايدىن كېيىن بازارغا باراي دەيمەن.
ئاپىسى: بازارغا؟ بۇ ئەتىگەندە بازاردا نېمە قىلىسىز؟ چېيىڭىزنى ئىچىڭا!
دادىسى: يەنە بىر كومپيۇتېر ئالاي دەيمەن.
ئاپىسى: ئۆيدە ئىككى كومپيۇتېر بار تۇرسا، يەنە بىرىنى نېمە قىلىسىز؟ يەمسىز؟
دادىسى: بالىلار چوڭ بولدى، ئۇلارمۇ ئەمدى كومپيۇتېر ئۆگەنسۇن. ئۇ كومپيۇتېرلارنى ئىككى بالىمىز ئىشلەتسۇن. ئۆزۈمگە بىر يېڭى كومپيۇتېر ئالاي دەيمەن.
ئاپىسى: بۇمۇ ياخشى پىكىر. چۈشتىن كېيىن بېرىڭ، مەن بىللە باراي.
ئوغلى: دادا، دادا، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بارايمۇ؟
قىزى: ئاكام بارسا مەنمۇ بارىمەن.
دادىسى: هەي ـ هەي، جېدەل قىلماڭلار!
ئوغلى: دادا، سىز يېڭى كومپيۇتېرنى ئىشلەتسىڭىز، كونىسىنىڭ بىرىنى ماڭا بېرەمسىلەر؟
ئاپىسى: شۇنداق بالام. ياخشى ئوقۇساڭلار بىرىنى ساڭا، بىرىنى ئۇكاڭغا بېرىمىز.
قىزى: ماڭىمۇ بىر كومپيۇتېر بېرەمسىلەر؟
ئاپىسى: شۇنداق، قىزىم.
ئوغلى: ئۇنداق بولسا مېنىڭ كومپيۇتېرىمغا كومپيۇتېر ئويۇنى ئالسام بولامدۇ؟
قىزى: ئاكام كومپيۇتېر ئويۇنى ئالسا مەنمۇ ئالىمەن.
دادىسى: بازارغا بىز بىلەن بارساڭلار بېرىڭلار، لېكىن كومپيۇتېر ئويۇنى ئالمايسىلەر. كومپيۇتېرنى ئۆگىنىشكە ئىشلىتىسىلەر، ئويۇنغا ئەمەس. بولمىسا بازارغا مەن بىلەن ئاپاڭلار بارسۇن، ئىككىڭلار ئۆيدە قېلىڭلار، قانداق؟
قىزى: ماقۇل دېگىنە ئاكا، كومپيۇتېر ئويۇنى ئالمايلى، تۆتىمىز بىللە بازارغا بارايلى ـ چۇ!
دادىسى: مەيلى، شۇنداق بولسۇن بالىلىرىم. هازىر ئىككىڭلار تاپشۇرۇقلىرىڭلارنى ئىشلەڭلار، ئاپاڭلار تاماق قىلسۇن، مەن ئۆينى تازىلاي، چۈشتىن كېيىن هەممىمىز بازارغا بىللە بارايلى، بولامدۇ؟

## لاتارىيىدە ئۇتسام

— ئەگەر لاتارىيىدە 10 مىليون دوللار ئۇتسىڭىز، ئۇ پۇلنى نېمە قىلىسىز؟
— ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانامغا ۋە ئۆزۈمگە بىردىن ياخشى ئۆي ئالاي دەيمەن.
— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟
— بىر ياخشى ماشىنا ئالسام دەيمەن.
— يەنىچۇ، يەنە نېمە قىلىسىز؟
— ئۇكامنىڭ ۋە ئۆزۈمنىڭ ئوقۇش پۇللىرىمىزنى تۆلەيمەن.
— مىليونېر بولسىڭىزمۇ ئوقۇمسىز؟
— ئەلۋەتتە، بىلىملىك باي بولمامدىمەن!

## Vocabulary سۆزلۈك

1. ten — ئون
   tenth — ئونىنچى
2. morning tea=breakfast ( ئەتىگەن "morning" ) — ئەتىگەنلىك چاي (ئەتىگەن+ لىك)
3. more, extra; surplus; unnecessary ( <- ئارت "to exceed" ) — ئارتۇق (<ئارت - ۇق)
4. to learn; to study; to master — ئۆگەن -
5. to use; to make use of (causative of - ئىشلە "to work" ) — ئىشلەت - (ئىشلە - ت)
6. idea, thought, opinion; criticism — پىكىر
7. together — بىللە
8. dispute, trouble; mischief — جېدەل
9. make/cause trouble; create disturbance — جېدەل قىل-
10. like that — ئۇنداق
11. if... so; in ... case — ئۇنداق بولسا
12. game; play; performance; pleasure — ئويۇن
13. like that/this; such; yet, sure — شۇنداق
14. let ... be so; all right — شۇنداق بول-
15. study, learning (VN of - ئۆگەن "to learn" ) — ئۆگىنىش (ئۆگەن - ىش)
16. if ... not; otherwise — بولمىسا (بول - ما - سا)
17. to remain; to stay; to be left (over); to leave (behind) — قال-
18. to cook (lit: to make a meal) — تاماق قىل-
19. lottery — لاتارىيە
20. to win — ئۇت-
21. if — ئەگەر
22. million — مىليون
23. dollar — دوللار
24. money, currency — پۇل
25. first of all — ئالدى بىلەن
26. machine; car; truck — ماشىنا
27. reading; studies (VN of - ئوقۇ "to read, to study" ) — ئوقۇش (<ئوقۇ - ش)
28. tuition — ئوقۇش پۇلى
29. to pay; repay; pay back — تۆلە -
30. millionaire — مىليونېر
31. of course, certainly — ئەلۋەتتە
32. knowledge ( <- بىل "to know" ) — بىلىم (<بىل - ىم)
33. learned, educated, knowledgeable, intelligent — بىلىملىك (<بىل - ىم+ لىك)
34. rich$_{adj}$.; a wealthy person$_{n}$. — باي

## Grammar گرامماتىكا

### 1. Conditional Mood

1.1 The conditional mood form of the verb expresses conditional , hypothetic , assumptive , or subjunctive status of the action . E.g .

ئاكام بارسا مەنمۇ بارىمەن.

*If my brother goes , I will go too . (conditional)*

لاتارىيىدە ئۇتسام، يېڭى ماشىنا ئالىمەن.

*I will buy a new car if I win the lottery . (assumptive)*

بىر ياخشى ماشىنا ئالسام دەيمەن.

*I am thinking of buying a good car (if I could). (hypothetic)*

1.2 The suffix ـ سا / ـ سە is applied to the positive and negative stems of the verb . It is followed by personal endings of 1 st and 2 and persons , while the 3 rd person forms are indicated without personal endings .

See the chart below :

| examples | | persn.end | cond.suffix | person |
|---|---|---|---|---|
| negative | positive | | | |
| بار ـ ما ـ سا ـ م = بارمىسام | بار ـ سا ـ م = بارسام | ـ م | ـ سا ـ | مەن |
| كۆر ـ مە ـ سە ـ م = كۆرمىسەم | كۆر ـ سە ـ م = كۆرسەم | | ـ سە ـ | |
| بار ـ ما ـ سا ـ ق = بارمىساق | بار ـ سا ـ ق = بارساق | ـ ق | ـ سا ـ | بىز |
| كۆر ـ مە ـ سە ـ ك =كۆرمىسەك | كۆر ـ سە ـ ك = كۆرسەك | ـ ك | ـ سە ـ | |
| بار ـ ما ـ سا ـ ڭ = بارمىساڭ | بار ـ سا ـ ڭ = بارساڭ | ـ ڭ | ـ سا ـ | سەن |
| كۆر ـ مە ـ سە ـ ڭ =كۆرمىسەڭ | كۆر ـ سە ـ ڭ = كۆرسەڭ | | ـ سە ـ | |
| بار ـ ما ـ سا ـ ڭىز = بارمىساڭىز | بار ـ سا ـ ڭىز = بارساڭىز | ـ ڭىز | ـ سا ـ | سىز |
| كۆر ـ مە ـ سە ـ ڭىز = كۆرمە-سەڭىز | كۆر ـ سە ـ ڭىز = كۆرسەڭىز | | ـ سە ـ | |
| بار ـ ما ـ سا ـ ڭلار= بارمىساڭلار | بار ـ سا ـ ڭلار = بارساڭلار | ـ ڭلار | ـ سا ـ | سىلەر |
| كۆر ـ مە ـ سە ـ ڭلار = كۆرمە-سەڭلار | كۆر ـ سە ـ ڭلار = كۆرسەڭلار | | ـ سە ـ | |
| بار ـ ما ـ سا ـ ø = بارمىسا | بار ـ سا ـ ø = بارسا | ø ـ | ـ سا ـ | ئۇ / ئۇلار |
| كۆر ـ مە ـ سە ـ ø = كۆرمىسە | كۆر ـ سە ـ ø = كۆرسە | | ـ سە ـ | |

### 2. Imperative / Voluntary / Optative Mood Forms of the Verb

2.1 These mood forms of the verb express the attitude of the speaker toward the action , as : order , request , wish , desire , aspiration , call , appeal or consultation .

2.1.1 The plain stem of verb itself expresses a command of the speaker toward the 2nd person , singular . E.g . :

ئوقۇ ـ " you read "

يات ـ " you lie down "

2.1.2 The verbal stem may also render a stronger demand toward the 2[nd] person singular by attaching the suffix -كىن/-گىن/-قىن/-غىن to it. E.g. :

ئوقۇ - غىن - > ئوقۇغىن - " you must read "

يات - قىن - > ياتقىن " you must lie "

كەل - گىن - > كەلگىن - " you must come "

كەت - كىن - > كەتكىن - " you must leave "

2.1.3 The polite form of a 2[nd] person, singular demand is composed by adding the suffix ڭ - /بڭ - /ۇڭ - /ۈڭ - to the stem. E.g. :

ئوقۇ - ڭ - > ئوقۇڭ *" please read "*

يات - ىڭ - > يېتىڭ *" please lie down "*

كەل - ىڭ - > كېلىڭ *" please come "*

تۇت - ۇڭ - > تۇتۇڭ *" please catch "*

كۆر - ۈڭ - > كۆرۈڭ *" please watch "*

2.1.4 The plural form of the 2[nd] person imperative can be composed by adding the suffix ڭلار - /ىڭلار - /ۇڭلار - /ۈڭلار - to the stem. E.g. :

ئوقۇ - ڭلار > ئوقۇڭلار *" you (plural) read (it) "*

يات - ىڭلار > يېتىڭلار *" you (plural) lie down "*

كەل - ىڭلار > كېلىڭلار *" you (plural) come "*

تۇت - ۇڭلار > تۇتۇڭلار *" you (plural) catch (it) "*

كۆر - ۈڭلار > كۆرۈڭلار *" you (plural) watch "*

2.2 The suffixes ي - /اي - /ەي - (singular) and يلى - /ايلى - /ەيلى - (plural) are used to construct the 1[st] person voluntary forms from the verbal stem. This form of the verb expresses the wish, desire, hope, call or appeal of the 1st person. E.g.:

ئوقۇ - ي - > ئوقۇي *" let me read "*

ئوقۇ - يلى > ئوقۇيلى *" let us read "*

يات - اي > ياتاي *" let me lie down "*

يات - ايلى > ياتايلى *" let us lie down "*

كەل - ەي > كېلەي *" let me come "*

كەل - ەيلى > كېلەيلى *" let us come "*

2.2.3 The suffix - سۇن can be used to construst the 3[rd] person (both singular and plural) imperative / optative mood forms of the verb, which express the order, request, aspiration or appeal toward the 3[rd] person. E.g. :

ئوقۇ - سۇن - > ئوقۇسۇن " he/she/it/they/must read "

كەل - سۇن - > كەلسۇن " let him/her/it/them come "

كەت - سۇن - > كەتسۇن " he/she/it/they must leave "

2.3 Summary of imperative / voluntary / optative mood forms

Compare the imperative / voluntary / optative mood forms of selected verbs given below in all three persons :

ئوقۇ - ، ئىشلە - ، ياز - ، بار - ، ئاچ - ، بەر - ، كەل - ، كەت - ، كىر - ، تۇر - ، كۆر -

| imperative/voluntary/optative mood forms | suffix | person | | |
|---|---|---|---|---|
| ئوقۇي، ئىشلەي | ـ ي | | singulr | 1st person |
| يازاي، باراي، ئاچاي، تۇراي | ـ اي | | | |
| بېرەي، كېلەي، كېتەي، كىرەي، كۆرەي | ـ ەي | | | |
| ئوقۇيلى، ئىشلەيلى | ـ يلى | | plural | |
| يازايلى، بارايلى، ئاچايلى، تۇرايلى | ـ ايلى | | | |
| بېرەيلى، كېلەيلى، كېتەيلى، كىرەيلى، كۆرەيلى | ـ ەيلى | | | |
| ئوقۇغىن، يازغىن، بارغىن، تۇرغىن | ـ غىن | demanding | singular | 2nd person |
| ئاچقىن | ـ قىن | | | |
| ئىشلىگىن، بەرگىن، كەلگىن، كىرگىن، كۆرگىن | ـ گىن | | | |
| كەتكىن | ـ كىن | | | |
| ئوقۇڭ، ئىشلەڭ | ـ ڭ | polite | | |
| يېزىڭ، بېرىڭ، ئېچىڭ، بېرىڭ، كېلىڭ، كېتىڭ، كىرىڭ | ـ ىڭ | | | |
| تۇرۇڭ | ـ ۇڭ | | | |
| كۆرۈڭ | ـ ۈڭ | | | |
| ئوقۇڭلار، ئىشلەڭلار | ـ ڭلار | | plural | |
| يېزىڭلار، بېرىڭلار، ئېچىڭلار، كېلىڭلار، كېتىڭلار، كىرىڭلار | ـ ىڭلار | | | |
| تۇرۇڭلار | ـ ۇڭلار | | | |
| كۆرۈڭلار | ـ ۈڭلار | | | |
| ئوقۇسۇن، ئىشلىسۇن، يازسۇن، ئاچسۇن، كەلسۇن، كۆرسۇن | ـ سۇن | | sing.& pl. | 3rd |

***Note that the rule of*** ئى/ ئې ← ئە / ئا ***sound change is not applied to monosyllabic words with*** *in their conjugation in 1st person oluntary forms, as* بار ـ ، ياز ـ ، ئاچ ـ *in the chart above. It is due to the existence of a back vocalic suffix variant* اي ـ *However, the sound change is applied elsewhere.*

2.4 The interrogative particle مۇ ـ can be applied to the end of 1st and 3rd person voluntary/ optative forms, but not to the end of 2nd person imperative forms. The interrogative forms of 2nd person imperatives are formed in the same way as the future tense interrogative forms (see Lesson Nine).

| negative | positive | person | | |
|---|---|---|---|---|
| بارمايمۇ؟ كەلمەيمۇ؟ | بارايمۇ؟ كېلەيمۇ؟ | singular | | 1st |
| بارمايلىمۇ؟ كەلمەيلىمۇ؟ | بارايلىمۇ؟ كېلەيلىمۇ؟ | plural | | |
| بارمامسەن؟ كەلمەمسەن؟ | بارامسەن؟ كېلەمسەن؟ | informal | | 2nd |
| بارمامسىز؟ كەلمەمسىز؟ | بارامسىز؟ كېلەمسىز؟ | polite | | |
| بارمامسىلەر؟ كەلمەمسىلەر؟ | بارامسىلەر؟ كېلەمسىلەر؟ | plural | | |
| بارمىسۇنمۇ؟ كەلمىسۇنمۇ؟ | بارسۇنمۇ؟ كەلسۇنمۇ؟ | singular&plural | | 3rd |

Examples:

ئىككىمىز بازارغا بارايلىمۇ؟

*Should / can the two of us go to the market?*

بۈگۈن كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە كېلەمسىلەر؟

*Will you / can you come to our home tonight ?*

بالىلارمو بىز بىلەن بىللە بازارغا بارسۇنمۇ؟

*Should / can the children also go to the market with us ?*

2.5 The irregular conjugation of the verb يۇ – " to wash " :

1) If a suffix attached to يۇ – has a vowel in the initial position , or if it has a variant which begins with a vowel , the stem – يۇ – will appear with a connective consonant – ي – as يۇي – ;

2) If the suffix begins with a consonant , the connective consonant – ي – does not occur and thus stem remains as يۇ – .

See the chart :

| negative | | | positive | | | person | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| result | suffixes | stem | result | suffix | stem | | | |
| يۇماي | – ما – ي | يۇ – | يۇياي | – اي | يۇي – | singular | | 1st |
| يۇمايلى | –ما – يلى | يۇ – | يۇيايلى | – ايلى | يۇي – | plural | | 1st |
| يۇمىغىن | –ما – غىن | يۇ – | يۇغىن | – غىن | يۇ – | informal | singl. | 2nd |
| يۇماڭ | –ما – ڭ | يۇ – | يۇيۇڭ | – ۇڭ | يۇي – | polite | singl. | 2nd |
| يۇماڭلار | –ما – ڭلار | يۇ – | يۇيۇڭلار | – ۇڭلار | يۇي – | plural | | 2nd |
| يۇمىسۇن | –ما – سۇن | يۇ – | يۇسۇن | – سۇن | يۇ – | singular & plural | | 3rd |

**3. Use of the verb – دە as quotation indicator**

The verb – دە (to say) can be used as an auxiliary verb in conjunction with the imperative / voluntary or conditional mood forms indicating the quotation of thoughts , intentions , judgments , and etc.

Phrases such as باراي دەيمەن " *I am thinking about going* " in this lesson , consisting of the voluntary form باراي – of the verb – بار " *to go* ", and the auxiliary verb – دە , which indicates the quotation of the desire to go.

For example :

يازدا قەشقەرگە باراي دەيمەن.

*I am (thinking about) going to Kashgar in the summer*

ئوغلۇممۇ قەشقەرنى كۆرسەم دەيدۇ.

*My son also wants to see (if it is possible) Kashgar.*

**Note that the quoted content remains in first person , regardless of the subject.**

**4. Usage of the ablative case suffix – تىن / – دىن with numerals**

As introduced in lesson Eight , the ablative case form of noun expresses the starting point of the action in space and time , **i.e.,** it indicates **where** and / or **when** the action starded. As men-

tioned, it can also be used to express the reason, the source, the cours e, etc.,of the action, as wel as in the comparison of quantity, quality and value of objects.

Applied to numerals, it donotes an average number of an item as in this lesson, the phrase بىردىن ئۆي ئال - means "buy one house for each".

When the ablative case suffix is applied to a noun which is followed by a numeral, it expresses part of a whole. For example:

بۈگۈن ئوقۇغۇچىلاردىن بىرسى كەلمىدى.

*One of the students did not come today.*

5. Emphatic Particle ا - /ە -

The emphatic particle ا - /ە - can be added to the 2[nd] person imperative form of the verb to enhance the demand.

For example, in the first dialogue, instead of saying چېيىڭىزنى ئىچىڭ "*drink your tea*" to her husband, the wife used the emphatic form چېيىڭىزنى ئىچىڭا!, by which she meant "*Don't talk nonsense, have your breakfast instead!*".

In the other part of this dialogue the daughter begged her brother, saying: ماقۇل دېگىنە "*Please say yes!*" She added the emphatic particle to the imperative form of the verb: دە "*to say*" > دېگىن "*Say it!*" > دېگىنە "*Please say!*"

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1. Conjugate the following verbs in the conditional mood:

ئال -، كۆر -، ئىشلەت -، ئوقۇ -، كەل -، بار -، قىل -، ئۆت -، قال -، تۆلە -، يۇ -.

*Example:*

كىر -: كىرسەم، كىرسەڭ، كىرسىڭىز، كىرسەڭلار، كىرسە

كىرمە -: كىرمىسەم، كىرمىسەڭ، كىرمىسىڭىز، كىرمىسەڭلار، كىرمىسە

2. Conjugate the verbs given in Exercise 1 in the imperative mood:

*Example:*

كىر -: كىرەي، كىرەيلى، كىرگىن، كىرىڭ، كىرىڭلار، كىرسۇن
كىرمە -: كىرمەي، كىرمەيلى، كىرمىگىن، كىرمەڭ، كىرمەڭلار، كىرمىسۇن

3. Read and translate the following sentences into English:

1) كىرسەم بولامدۇ؟
2) قەشقەرگە بىر بارسام دەيمەن.
3) جېدەل قىلساڭلار بازارغا بارمايسىلەر.
4) سىلەر ئويناڭلار، ئاپاڭلار تاماق قىلسۇن، مەن كىيىملەرنى يۇياي.
5) تاماق تەييار بولدى، ئۇستەلگە كەلگىن.
6) ئۇستەلگە كېلەمسىلەر، بىللە چاي ئىچەيلىمۇ؟

7) بۇ قەلەمنى مەن ئىشلەتسەم بولامدۇ؟

8) ئۇقۇش پۇلىڭىزنى دادىڭىز تۆلىسە، ياتاق پۇلىڭىزنى ئۆزىڭىز تۆلەمسىز؟

9) ياخشى ئوقۇساڭ ئۆتىسەن، ياخشى ئوقۇمىساڭ قالىسەن.

10) بازارغا بارساق بارايلى، لېكىن بالىلار بارمىسۇن.

4. Translate the following sentences into Uighur :

1) Should the two of us go to market ? Should the children go too ?
2) If Abbas will buy a computer , I will also buy one for myself.
3) When I called you yesterday , you were not at home.
4) Should the older brother give the computer game to his younger sister ?
5) The son wanted to buy a computer game , his father said no.
6) Where does she want to go , do you know ?
7) If/when the guest comes , you offer (give) tea to him , I will cook (prepare food) in the kitchen.
8) Do you also want to use this car ?
9) Get up my child , have your breakfast (= drink your morning tea).
10) If I win the lottery , let me give you half of it.

5. Compose sentences using the given verbs applying imperative mood suffixes :

قال ـ، كەت ـ، ئال ـ، بەر ـ، تۆلە ـ

6. Compose sentences using the given verbs applying conditional mood suffixes :

ئىشلە ـ، ئىشلەت ـ، يۇ ـ، دە ـ، تازىلا ـ

7. Write a composition applying as many verbal forms as possible.

Requirements :
1) The length should be no less than 10 sentences;
2) No less than 6 verbs must be used;
3) No less than 3 pronouns which must be applied in different case forms;
4) At least 2 different applications of the ablative case suffix should occur;
5) Omission of genitive or accusative case suffix must be used at least once.

8. Read and translate the following story with the help of your dictionary.

### نېمە قىلاي

بۈگۈن ئىشخانىدا ئىشىم جىق ئەمەس، سائەت ئۈچتە ئىشىم تۈگىدى. نېمە قىلاي؟ ئۆيگە كېتەيمۇ ياكى كۇتۇپخانىغا بارايمۇ؟

ھاردىم، بولدى ئۆيگە كېتەي.

لېكىن، ئۆيگە بارسام نېمە قىلىمەن؟ ئۆيدە ئاپاممۇ يوق، داداممۇ يوق، ئۇلار تېخى ئىشتىن كەلمىدى. سىڭلىممۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىن كەچ كېلىدۇ.

ئاكامنىڭ ئۆيگە باراي دېسەم، ئۇ تونۇگۇنلا بىر ئىش بىلەن قەشقەرگە كەتتى، يەڭگەممۇ تېخى ئىشتا ......

ئەركىنگە تېلېفون بېرەيمۇ؟ ھە شۇنداق قىلاي، ئۇ بۇگۇن دەم ئالىدۇ، ئۇ ئۆيدە بولسا ئىككىمىز قاۋاقخانىغا بارايلى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن ئىككى ـ ئۈچ سائەت پاراڭلىشاي، ئارام ئالاي ......

ئاپلا! ئۇمۇ ئۆيدە يوق، ئەمدى نېمە قىلىمەن؟ ......

مەيلى، ئۆيگە كېتەي، بىر قازان پولۇ قىلاي، ئاتا ـ ئانام تەييار تاماقنى كۆرسە خۇشال بولىدۇ، سىڭلىممۇ ......

توختا! بۈگۈن كەچلىك تاماقنى مەن قىلسام، سىڭلىم ئاينۇر نېمە قىلىدۇ؟ ......

مەيلى، ئۇ كەچ كېلىدۇ، ھارىدۇ، ئۇمۇ بىر قېتىم تەييار تاماقنى يېسۇن، لېكىن قازان بىلەن چىنە ـ قاچىلارنى يۇسۇن.

شۇنداق قىلاي، ئۆيگە باراي ......

مەن تاماق قىلامدىمەن؟ ياق، قاۋاقخانىغا باراي، ئارام ئالاي ......

سىز دەڭە، مەن نېمە قىلاي؟

8. Try to read the riddle aloud. It will probably help you to guess.

تېپىشماق (Riddle)

كەل دېسەم كەلمەيدۇ، كەلمە دېسەم كېلىدۇ، بۇ نېمە؟

# Lesson Eleven ئون بىرىنچى دەرس

## بىر ھەپتە

بۈگۈن جۈمە، دەرستىن كېيىن نۇرغۇن بالىلار ئۆيلىرىگە كەتتى، ئۇلار بىر ھەپتە ئوقۇشتىن كې-يىن ھاردى، دەم ئالىدۇ. مەنمۇ دەم ئالاي دېسەم ۋاقتىم يوق. دۈشەنبە كۈنى ماقالەمنى تاپشۇرمىسام بولمايدۇ. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى كۈتۈپخانىدا ماقالەمنى يازىمەن. چارشەنبە كۈنى بىر ئىمتىھانىم بار. دۈشەنبە ۋە سەيشەنبە كۈنلىرى ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىمەن. خۇدا بۇيرۇسا پەيشەنبە كۈنى بۇ ئىشلارمۇ تۈگىسە، ئۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ياخشى بىر دەم ئالاي.

## تۆت پەسىل

— بىر يىل قانچە پەسىلگە بۆلۈنىدۇ؟
— بىر يىل تۆت پەسىلگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: باھار، ياز، كۈز ۋە قىش.
— سىزنىڭ يۇرتىڭىزدا تۆت پەسىل قانداق ئايرىلىدۇ؟
— مېنىڭ يۇرتۇمدا مارت ئېيىدا باھار باشلىنىدۇ، ئاپرېل ۋە ماي ئايلىرىمۇ باھارغا كىرىدۇ. ئىيۇن، ئىيۇل، ئاۋغۇست ئايلىرىدا ياز بولىدۇ. سېنتەبىردە كۈز كىرىدۇ، ئۆكتەبىر، نويابىر ئايلىرىمۇ كۈز ھېسابلىنىدۇ. دېكابىر، يانۋار ۋە فېۋرال ئايلىرى قىش ھېسابلىنىدۇ.

## ۋاقىت

— بۈگۈن كۈنگە نېمە؟
— بۈگۈن چارشەنبە.
— چېسلاغا نەچچە؟
— بۈگۈن چېسلاغا ئون ئىككى.
— سائەت قانچە بولدى؟
— سەككىزدىن چارەك ئۆتتى. ھازىر دەرسىڭىز بارمۇ؟
— ھەئە، سەككىز يېرىمدا دەرسىم بار. دەرسكە 51 مىنۇت قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن تېز ماڭاي.
— مەيلى، دەرسىڭىزگە بېرىڭ. دەرسىڭىز سائەت قانچىدە تۈگەيدۇ؟
— دەرسىم 10 مىنۇت كەم 10 دا تۈگەيدۇ.
— دەرستىن كېيىن مېنىڭ ئىشخانامغا كېلەمسىز؟
— ماقۇل.

## Vocabulary سۆزلۈك

| | |
|---|---|
| 1. many; much; a lot (of) | نۇرغۇن |
| 2. to be tired | ھار - |
| 3. breath , respiration; a brief / short period of time | دەم |
| 4. to breath; to rest , relax | دەم ئال - |
| 5. preparation n. (< تەييار "*ready*" adj.) | تەييارلىق (تەييار + لىق) |

6. to make preparations, to get ready — تەييارلىق قىل -

7. God willing! — خۇدا بۇيرۇسا

8. season — پەسىل (پەسىل - ى > پەسلى)

9. how much, how many — قانچە؛ نەچچە

10. to be divided (passive of بۆل - "to divide") — بۆلۈن - (= بۆل - ۈن - )

11. homeland — يۇرت

12. to be separated (passive/reflexive of ئايرى - "to separate") — ئايرىل - (< ئايرى - ل -)

13. to be counted as (passive of ھېسابلا - "to count") — ھېسابلان - (ھېسابلا - ن -)

14. date — چېسلا

15. quarter; Quarter — چارەك

16. to pass; to cross over; to go through — ئۆت -

17. minute — مىنۇت

18. therefore; so; for this reason; consequently — شۇنىڭ ئۈچۈن

19. quick, fast; quickly — تېز

20. to walk; leave, depart — ماڭ -

21. short (of); less — كەم

22. office (< ئىش "work, job") — ئىشخانا (ئىش + خانا)

23. second — سېكۇنت

24. percent — پىرسەنت

25. whole, complete; all — پۈتۈن

## Numbers — سانلار

| | | |
|---|---|---|
| 1 , 000 مىڭ | 10 ئون | 0 نۆل |
| 10 , 000 ئون مىڭ = تۈمەن | 20 يىگىرمە | 1 بىر |
| 1000 , 000 , مىليون | 30 ئوتتۇز | 2 ئىككى |
| 1 , 000 , 00 , 000 مىليارد | 40 قىرىق | 3 ئۈچ |
| $\frac{1}{2}$ ئىككىدىن بىر = يېرىم | 50 ئەللىك | 4 تۆت |
| 0.5 نۆل پۈتۈن ئوندىن بەش = يېرىم | 60 ئاتمىش | 5 بەش |
| $\frac{1}{4}$ تۆتتىن بىر = چارەك | 70 يەتمىش | 6 ئالتە |
| 0.25 نۆل پۈتۈن يۈزدىن يىگىرمە بەش = چارەك | 80 سەكسەن | 7 يەتتە |
| 1.5 بىر پۈتۈن ئوندىن بەش = بىر يېرىم | 90 توقسان | 8 سەككىز |
| $1^{1/2}$ بىر پۈتۈن ئىككىدىن بىر = بىر يېرىم | 100 يۈز | 9 توققۇز |

## Days in a Week — ھەپتە كۈنلىرىنىڭ نامى

| OneWeek | | | بىر ھەپتە | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يەكشەنبە | شەنبە | جۈمە | پەيشەنبە | چارشەنبە | سەيشەنبە | دۈشەنبە |
| Sunday | Saturday | Friday | Thursday | Wednesday | Tuesday | Monday |

## Names of Season and Months پەسىل ۋە ئايلارنىڭ نامىلىرى

| Year | | | | | | | | | | | يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| Autumn | | كۈز | Summer | | ياز | Spring | | ئەتىياز /باھار | Winter | | قىش |
| -11 ئاي | -10 ئاي | -9 ئاي | -8 ئاي | -7 ئاي | -6 ئاي | -5 ئاي | -4 ئاي | -3 ئاي | -2 ئاي | -1 ئاي | -12 ئاي |
| نويابىر November | ئۆكتەبىر October | سېنتەبىر September | ئاۋغۇست August | ئىيۇل July | ئىيۇن June | ماي May | ئاپرېل April | مارت March | فېۋرال February | يانۋار January | دېكابىر December |

## Grammar گىراماتىكا

### 1. Numerals

1.1 Cardinal numbers are used to express the number of the object. Numbers of two or more digits read as follows:

11 ئون بىر؛ 35 ئوتتۇز بەش؛ 279 ئىككى يۈز يەتمىش توققۇز؛
101 بىر يۈز بىر؛ 2020 ئىككى مىڭ يىگىرمە؛ 2004 ئىككى مىڭ تۆت؛
1203065 بىر مىليون ئىككى يۈز ئۈچ مىڭ ئاتمىش بەش.

1.2 Ordinal numbers are used to express the order of the object. They are derived by adding the suffix نچى+ (after vowel) / ىنچى+ (after consonant) to cardinal numbers. E.g.:

بىر + ىنچى = بىرىنچى      ئىككى + نچى = ئىككىنچى      يەتتە + نچى = يەتتىنچى

The ordinal number suffix can also be applied to interrogative pronouns قانچە /نەچچە denoting "which one in sequence?" E.g:

What is today's date? بۈگۈن ئاينىڭ قانچىنچى كۈنى؟

1.3 Collective numbers express a certain number of objects/people belonging to a group and are formed by adding the suffix ەيلەن / + يلەن + to the cardinal numbers. E.g.:

ئۈچ + ەيلەن = ئۈچەيلەن the (all) three of us/you/them

ئالتە + يلەن = ئالتەيلەن the (all) six of us/you/them

It can also be attached to the pronoun ھەممە "*all*":

ھەممە + يلەن = ھەممەيلەن all of us/you/them

1.4 Fractions and decimals read as:

1/3 ئۈچتىن بىر؛ 7/8 سەككىزدىن يەتتە؛

$4\frac{2}{3}$ تۆت پۈتۈن ئۈچتىن ئىككى؛ 1.06 بىر پۈتۈن يۈزدىن ئالتە.

1.5 Percentages read as :

15% ئون بەش پىرسەنت؛ 78% يەتمىش سەككىز پىرسەنت.

## 2. Telling the Day/Date and the Time

### 2.1 Telling the day :

— بۈگۈن كۈنگە نىمە؟
— بۈگۈن دۈشەنبە.

### 2.2. Telling the date :

— بۈگۈن چېسلاغا نەچچە؟
— بۈگۈن چېسلاغا توققۇز.
— بۈگۈن 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.
— بۈگۈن 9 ـ مارت.

### 2.3. Telling the time :

1) On the hour, e.g.: 12 : 00

— سائەت نەچچە بولدى؟
— هازىر سائەت ئون ئىككى بولدى.

2) Half past the hour, e.g.: 11 : 30

— سائىتىڭىز نەچچە بولدى؟
— سائەت ئون بىردىن ئوتتۇز مىنۇت ئۆتتى.
— سائەت ئون بىر يېرىم بولدى.

3) A quarter to the hour, e.g.: 8 : 45

— سائەت نەچچە بولدى؟
— سەككىزدىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتتى.
— سەككىزدىن ئۈچ چارەك ئۆتتى.
— توققۇزغا ئون بەش مىنۇت قالدى.
— ئون بەش مىنۇت كەم توققۇز (بولدى).
— چارەك كەم توققۇز (بولدى).

### 2.4 Reading the calendar :

Suppose today is February 21, 2004. This date would be read as :

2004 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى.
(ئىككى مىڭ تۆتىنچى يىل ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى.)
2004 ـ يىل 21 ـ فېۋرال.
(ئىككى مىڭ تۆتىنچى يىل يىگىرمە بىرىنچى فېۋرال.)

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1. Read the following numbers in Uighur and then write them down in words :

23 ; 47 ; 333 ; 9,876 ; 65,432 ; 123,456 ; 2, 468,135 ; 99,999,999 ;
707 ; 5,050 ; 4,400 ; 5, 005 ; 60,006 ; 303,030 ; 9,009,009 ; 90,090,090 ;
$^{1}/_{2}$ ; $^{1}/_{4}$ ; $^{5}/_{7}$ ; $1^{3}/_{8}$ ; $55^{17}/_{31}$ ;
0.5 ; 0.25 ; 0.33 ; 8.9 ; 1.37 ; 99.999 ;
1% ; 0.5% ; 50% ; 100% ; 125% .

2. Read the times in all possible forms in Uighur and then write them out in words:

7 : 15 , 8 : 30 , 9 : 45 , 3 : 20 , 6 : 55 , 12 : 00 , 11 : 27

3. Read the dates in all possible forms in Uighur and then write them out:

February 22 , 1732
July 4 , 1776
December 7 , 1941
January 19 , 2004 , Monday
April 9 , 2004 , Friday
May 9 , 2004 , Sunday

4. Read and translate the following sentences into English:

1) بۈگۈن كەچتە سائەت بەش يېرىمدا مېنىڭ ياتىقىمغا كېلەمسىز؟
2) 200 نىڭ %25 (ئىككى يۈزنىڭ يىگىرمە بەش پىرسەنتى) قانچە بولىدۇ؟
3) ئاۋستىرالىيىدە 6 ـ ئاي قىش ھېسابلىنىدۇ.
4) بۈگۈن كەتسىڭىز قانچىنچى چېسلا كېلىسىز؟
5) دەرسكە بىر مىنۇت قالدى، لېكىن مۇئەللىم تېخى كەلمىدى.
6) بىزنىڭ مەكتىپىمىزدە دەرس 1 ـ سېنتەبىر باشلىنىدۇ.
7) بىر مىنۇتنىڭ ئاتمىشتىن بىرى بىر سېكۇنت بولىدۇ.
8) بىر مىليون دوللاردىن ئارتۇق پۇلى بار ئادەم مىليونېر ھېسابلىنامدۇ؟
9) ھاردىڭىزمۇ؟ بەش مىنۇت دەم ئالامسىز؟
10) ياز پەسلىدە ھەممەيلەن تۇرپانغا بارايلى دەيمىز.

5. Translate the following sentences into Uighur:

1) Is today Monday or Tuesday?
2) Today is Sunday, March 21 .
3) I know 30% of these words .

4) When/at what time will you go to school tomorrow ?
5) I paid one-third of my money for his book.
6) Two and half days are left before (toward) the exam.
7) On Friday evening at six o ' dock I will go to a movie with my friend.
8) I have no time tomorrow morning. Come at 2 : 30 in the afternoon.
9) Do you have many classes in the Winter Quarter ?
10) I (am thinking that I) will take two days rest after Friday.

6. Translate the following into Uighur :

Monday morning I have classes. So I get up at six o ' clock. I have my tea in 15 minutes and leave for school. At 7 : 55 (lit. : at five minutes to eight) I walk into (enter) the classroom. At 10 minutes to ten the class will be over. Then(i:t.:after that) I go to the library. I work there for three hours. I have more (many) classes in the afternoon. I come home late. I am tired. Therefore , on Saturday and Sunday I do not get up at six (o ' clock). I get up at ten (o ' clock).

7. Composition

Make a record of your activities in one particular week , showing the calendar dates , the days of the week and the time of each activity.

# ئون ئىككىنچى دەرس

# Lesson Twelve

## ياش ـ ئۆسمۈرنىڭ شادلىقى

تۈنۈگۈن شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن دادام، ئاپام، سىڭلىم ۋە مەن تۆتىمىز بىللە بازارغا باردۇق.
ئاتا ـ ئانام بىلەن بىللە بىر يەرگە بارسام مەن بەك خۇش بولىمەن. سىڭلىممۇ شۇنى ياخشى كۆرىدۇ.

بىز ئالدى بىلەن كومپيۇتېر دۇكىنىدىن دادامغا بىر يورۇش يېڭى كومپيۇتېر ئالدۇق. كېيىن چوڭ
بازارغا باردۇق. بۇ يەردە ماڭا بىر جۈپ ئاياغ، سىڭلىمغا بىر چىرايلىق كۆڭلەك ۋە ئاپامغا بىر دانە ئېـ
سىل ياغلىق ئالدۇق.

ئۆيدىكى ئىككى كومپيۇتېرنى سىڭلىم ئىككىمىزگە بەردى، دادامنىڭكىنى مەن ئالدىم، ئاپامنىڭـ
كىنى سىڭلىم ئالدى. دادامنىڭ كومپيۇتېرى ئاپامنىڭكىدىن كونىراق. سىڭلىمنىڭ كومپيۇتېرى مېـ
نىڭكىدىن يېڭىراق بولسىمۇ، مەن يەنىلا ناھايىتى خۇشال بولدۇم، چۈنكى ئۆزۈمنىڭ كومپيۇتېرىم
بولدى ـ دە!

## ئائىلىمىزدىكىلەر

مەن 1989 ـ يىلى تۇغۇلدۇم. سىڭلىم ئەمدى ئون ئۈچ ياشقا كىردى. ئائىلىمىزدىكىلەر ئىچىدە ئۇ
ئەڭ كىچىك. دادامنىڭ يېشىنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ئائىلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئادەم شۇ. بويى ئېـ
گىز، بەستى يوغان ئادەم. ئاپامنىڭ يېشىنىمۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ دادامدىن ياشراق، بويىمۇ پا ـ
كارراق. ئائىلىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇ، تۆتلا ئادەم.

ھە راست، يەنە بوۋىلىرىم ۋە موملىرىم بار ئەمەسمۇ؟! لېكىن ئۇلار بۇ يەردە ئەمەس، دادامنىڭ ئا ـ
تا ـ ئانىسى خوتەندە. ئاپامنىڭكىلەر قەشقەردە. خۇدا بۇيرۇسا بۇ يىل يازدا قەشقەرگە ۋە خوتەنگە بارىمىز.
ئۇ يەردىكى بوۋىلىرىم، موملىرىم، تاغىلىرىم ۋە ھاممىلىرىم بىلەن كۆرۈشىمىز.

ئەمدى بىلدىڭىزمۇ؟ بىزنىڭ بۇ كىچىك ئائىلىمىزدىكىلەر ئاز، تۆتلا ئادەم. لېكىن چوڭ ئائىلىدىـ
كىلەرچۇ؟ بوۋىلىرىم، موملىرىم، تاغىلىرىم، ھاممىلىرىم ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىـ
سىنى قوشساق بىز بەك جىق ئادەم، بەك جىق ئادەم.

## Vocabulary　　سۆزلۈك

| | |
|---|---|
| 1. young; fresh (adj.) | ياش [1] |
| 2. age; youth (n.) | ياش [2] |
| to be at the age of… | ياشقا كىر- |
| 3. teenager (<- ئۆس "to grow") | ئۆسمۈر (ئۆس -مۈر) |
| 4. joy; happiness (< شاد adj. "joyful, merry") | شادلىق (شاد + لىق) |
| 5. place, ground; earth | يەر |
| 6. happy adj.; mood n. | خۇش |
| 7. happy, gald | خۇشال |
| 8. to like, to be fond of; to love | ياخشى كۆر- |
| 9. shop, store | دۇكان |
| 10. a set (of) | يۈرۈش |
| 11. a pair | جۈپ |
| 12. footwear, shoes | ئاياق |
| 13. beautiful; handsome (< چىراي "face" n.) | چىرايلىق (چىراي + لىق) |
| 14. shirt; (women's) dress | كۆڭلەك |
| 15. piece (a measure word) | دانە |
| 16. preciuos; of hight quality; upstanding | ئېسىل |
| 17. scarf; handkerchief | ياشلىق |
| 18. still (the same) (< يەنە "again, still") | يەنىلا (يەنە + لا emphatic) |
| 19. very, extremely | ناھايىتى |
| 20. because | چۈنكى |
| 21. to be born (passive voice form of- تۇغ "to give birth") | تۇغۇل- (<تۇغ-ۇل-) |
| 22. inside, inner part | ئىچ |
| inside (of); among | ئىچىدە |
| 23. anyway; nevertheless | ئىشقىلىپ |
| 24. superlative adverb: the most; very, very much | ئەڭ |
| 25. stature; side (of), edger | بوي |
| 26. tall; nigh | ئېگىز |
| 27. body | بەست |
| 28. big, large, massive | يوغان |
| 29. short (of stature); low (in height) | پاكار |
| 30. interjection: oh; yes | ھە |
| 31. true | راست |
| 32. to meet (with); to greet (reciprocal of - كۆر "to see") | كۆرۈش- (كۆر-ۈش-) |
| 33. few, little, rare, seldom | ئاز |
| 34. to add; to join | قوش- |

## Grammar گرامماتىكا

### 1. Degree of Adjectives

The degree of an adjective expresses the different status, quality, or nature of the thing. The original stem of the adjective is called **positive degree**; the other forms are the **comparative**, **diminutive**, **amplificative**, and the **superlative** degress, which are formed by adding degree suffixes to the stem.

1.1 The **comparative** degree is sused to compare and to express the qualities and the nature of things. It is formed by adding the suffix راق+/رەك+ to the stem. E. g:

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| *good* | → | *better* | ياخشىراق | = | راق | ياخشى ← ياخشى + |
| *old* | → | *older* | كونىراق | = | راق | كونا ← كونا + |
| *new* | → | *newer* | يېڭىراق | = | راق | يېڭى ← يېڭى + |
| *big* | → | *bigger* | چوڭراق | = | راق | چوڭ ← چوڭ + |
| *small* | → | *smaller* | كىچىكرەك | = | رەك | كىچىك ← كىچىك+ |

Note: The ئا / ئە ← ئى / ئې.sound change rule does not apply when the comparative degree suffix is attached to an adjective or to any attributive stem.

1.2 The **diminutive** degree form of the adjective expresses a decrease or sometimes an increase of the quality, depending on the lexical meaning of the stem. It can also indicate tenderness, care or intimate affection toward the object. It is formed by adding the suffix ـكىنە/ ـگىنە/ـقىنە/ غىنە to the positive degree stems.

E. g:

| | | | |
|---|---|---|---|
| *good* | → | *fairly good* | ياخشى ← ياخشى + غىنە = ياخشىغىنە |
| *beautiful* | → | *lovely* | چىرايلىق ← چىرايلىق + قىنە = چىرايلىققىنە |
| *many* | → | *quite a lot* | جىق ← جىق + قىنە = جىققىنە |
| *small* | → | *tiny* | كىچىك ← كىچىك + كىنە = كىچىككىنە |

1.3 The **ampificative** degree of the adjective express augmentation or enhancement of the quality.

It is composed by partial reduplication of the *positive* stem, which is done by repeating the first syllable of the word. In such reduplication, if this syllable ends in a consonant, that consonant is replaced with پ; a consonant پ is added if this syllable ends in a vowel. E. g:

"very big/large" چوپچوڭ > چوپ + چوڭ > چوڭ + چوڭ: "big" چوڭ

"bright red" قىپقىزىل> قىزىل + پ + قى> قىزىل + قى: "red" قىزىل

Normally, such amplification can only be applied to the adjectives of color and to a few adjectives

that express quality.

1.4 The superlative degree of adjectives indicates an absolute degree. It is composed by using *degree adverbs*, such as : بەك; ناھايىتى; ئەڭ; تازا , etc. preceding the *positive* degree stem.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| *good* | → | *best* | ئەڭ ياخشى | ياخشى ← |
| *old* | → | *very old* | ناھايىتى كونا | كونا ← |
| *new* | → | *newest* | ئەڭ يېڭى | يېڭى ← |
| *big* | → | *too big* | بەك چوڭ | چوڭ ← |
| *small* | → | *extremely small* | تازا كىچىك | كىچىك ← |

2. The Indicative suffix +كى (+غى / +قى / +گى / +كى)

2.1 General semantics of the suffix +كى

This suffix indicates that the noun to which it is attached is the location or the possessor of the object modified by this noun.

2.2 Application of suffix +كى

2.2.1 The suffix +كى can only be applied directly to certain nouns that denote time or space (which are classified as *adverbial* nouns), such as : قىش "winter", ياز "summer", كۈز "autumn", ئىچ "inside", تاش "outside", etc., creating specific type of attibutives. E.g :

"autumnal wheat" كۈزگى بۇغداي > "(of) autumn" كۈز + گى

"internal affairs" ئىچكى ئىشلار > "internal" ئىچ + كى = ئىچكى

"exterior view" تاشقى كۆرۈنۈش > "external" تاش + قى = تاشقى

2.2.2 As with other nouns, this suffix can only be attached to the locative or genitive case forms, resulting in the suffix combinations +دىكى > +تىكى and +نىڭكى.

The grammatical meaning of the suffix combination +دىكى > تىكى can be translated into English as "one which is in/at/on", and +نىڭكى as "one which is of/belongs to". For example :

the games (which are) in my computer كومپيۇتېرىمدىكى ئويۇنلار

the building (that are) in the university campus ئۇنىۋېرسىتېتتىكى بىنالار

this is my father's بۇ دادامنىڭكى

ours' بىزنىڭكى

2.3 The main grammatical function of the suffix +كى

2.3.1 This suffix adds an adjectival function to a noun.

However, it does not derive an adjective. The noun to which it is attached preserves the syntactic features of a noun. Therefore, the noun in the +كى form may function as an attributive modifying the following noun, while itself can also be modified by an attributive as a noun. E.g :

"The computer on the big desk is mine." چوڭ ئۈستەلدىكى كومپيۇتېر مېنىڭ.

The noun ئۈستەل "desk" in ئۈستەلدىكى form modified the following noun كومپيۇتېر "computer" as an adjective, while itself is modified by preceding adjective چوڭ "big".

2.3.2 When the modified noun (e.g.: كومپيۇتېر) in such noun-phrase (e.g.: ئۈستەلدىكى كومپيۇتېر) is omitted the noun in دىكى + / تىكى + form (e.g.: ئۈستەلدىكى), which was holding an attibutive position like an adjective in that noun-phrase, may conditionally function as a noun representing entire noun-phrase. Compare the following:

چوڭ ئۈستەلدىكى كومپيۇتېر مېنىڭ. > چوڭ ئۈستەلدىكى مېنىڭ.

The one on the big desk is mine. < The computer on the big desk is mine.

2.3.3 In such situation, the noun in دىكى + / تىكى + form (e.g.: ئۈستەلدىكى) must take the grammatical suffixes (such as the plural, possessive, and case suffixes) that would have originally been applied to the omitted noun (e.g: كومپيۇتېر).

For example:

ئۈستەلدىكى كومپيۇتېرلىرىمىزنى يېڭى ئالدۇق. > ئۈستەلدىكىلىرىمىزنى يېڭى ئالدۇق.

*We newly bought those on the desk. < We newly bought our computers on the desk*

See the declension of [دىكى + / تىكى + N] forms of the noun in the chart below:

| + poss + pl+ | + possessive + | + plural | + دىكى + N | cases |
|---|---|---|---|---|
| ئۈستەلدىكىلىرىم | ئۈستەلدىكىسى | ئۈستەلدىكىلەر | ئۈستەلدىكى | nominative |
| ئۈستەلدىكىلىرىمنىڭ | ئۈستەلدىكىسىنىڭ | ئۈستەلدىكىلەرنىڭ | ئۈستەلدىكىنىڭ | genitive |
| ئۈستەلدىكىلىرىمنى | ئۈستەلدىكىسىنى | ئۈستەلدىكىلەرنى | ئۈستەلدىكىنى | accusative |
| ئۈستەلدىكىلىرىمدە | ئۈستەلدىكىسىدە | ئۈستەلدىكىلەردە | ئۈستەلدىكىدە | locative |
| ئۈستەلدىكىلىرىمگە | ئۈستەلدىكىسىگە | ئۈستەلدىكىلەرگە | ئۈستەلدىكىگە | dative |
| ئۈستەلدىكىلىرىمدىن | ئۈستەلدىكىسىدىن | ئۈستەلدىكىلەردىن | ئۈستەلدىكىدىن | ablative |

2.3.4 Although the نىڭكى + N form shares common characteristics with the دىكى + / تىكى + N forms, the phrase structures such as دادامنىڭكى كومپيۇتېرى, (i.e., applying نىڭكى + N forms in the attributive positions) are not commonly used. Instead, phrases such as دادامنىڭ كومپيۇتېرى are used, without attaching the suffix كى + to the modifier.

However, when the modified noun (e.g.: كومپيۇتېر) is omitted, the suffix كى + must be attached to the genitive modifier (e.g.: دادامنىڭ) so that all of the suffixes that were originally attached the modified noun (e.g.: كومپيۇتېر) can be applied. This way, it can carry out the function of the entire noun phrase (e.g.: دادامنىڭ كومپيۇتېرى) in the sentence. The suffix كى + indicates the omitted noun كومپيۇتېر in the abbreviated sentence.

For example :

دادام كومپيۇتېرىنى ماڭا بەردى. < دادامنىڭكىنى ماڭا بەردى.

My father ' s was given to me . < My father ' s computer was given to me .

Note , when omitting the modified noun (as كومپيۇتېر) , the possessive suffix (i.e. : ى +)which is attached to it (as كومپيۇتېر+ ى) also goes away.

2.3.5 As explained in 2.3.1 دىكى + / تىكى + and نىڭكى + forms of a noun can always be modified by an attributive regardless of their attributive or conditional noun position in the sentences.

For example :

" The computers in our new home are old . " يېڭى ئۆيىمىزدىكى كومپيۇتېرلار كونا.

" Those in our new home are old . " يېڭى ئۆيىمىزدىكىلەر كونا.

3. The Emphatic Partide ـ دە :

This particle is attached to the final word in a sentence to express a definite opinion of the speaker on the subject. E.g :

" He is a little boy , he cries , so what . " ئۇ بىر كىچىك بالا، يىغلايدۇ ـ دە.

It can also be used as conjuntion between two clauses expressing two consecutive actions executed by the same subject. E.g.

ئۇ مەكتەپتىن كەلدى ـ دە، دوستلىرى بىلەن كىنوغا كەتتى.

He came back from school and (immediately) left for a movie with his friends.

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1. Give the comparative , diminutive and the superlative degree forms of the adjectives below :

ياش، چىرايلىق، ئېسىل، يوغان، پاكار، كونا، جىق، شېرىن، خاپا، يالغۇز.

Example :

كىچىك: كىچىكرەك، كىچىككىنە، ئەڭ كىچىك.

2. Rewrite the following sentences , changing the adjectives into possible different degree forms , and then translate both the original and the rewritten sentences into English :

1) ئۇنىڭ دۇكىنى كىچىك.
2) مەن تۈنۈگۈن پاكار بىر ئادەمنى كۆردۈم.
3) ئالىم كەچتە ياتاقتا خۇشال كىردى.
4) بىزنىڭ سىنىپ يوغان بىر بىنادا.
5) مېنىڭ كومپيۇتېرىم ياخشى.
6) بىر ياش ئادەم ئىشخانامغا كىردى.
7) كۆۋەيت كىچىك بىر يەر، لېكىن باي.
8) ئاپامنىڭ ياغلىقى ئېسىل.
9) دادام ئېگىز.
10) يېڭى ماشىنا ئالاي دەيمەن، لېكىن پۇلۇم كەم.

3. Read and translate the following sentences into English.

1) ئېسىل كۆڭلىكىم يوق. ئېسىلراق بىر كۆڭلەك ئالاي دەيمەن.
2) سىنئاتلىدىكى ئەڭ ئېگىز يەرقەيەر؟
3) قەلىمىڭىز يوق بولسا مېنىڭكىنى ئىشلىتىڭ.
4) ماڭا ئازراق چاي بېرەمسىز؟
5) ئۇلار كىچىككىنە بىر ئۆيدە تۇرىدۇ.
6) قازاندىكى پولۇنى كىم قىلدى؟
7) ئۇنىڭ بويى مېنىڭكىدىن پاكارراق.
8) ئالىمنىڭ يېپيېڭى ماشىنىسى بار.
9) مېنىڭ تاپشۇرۇقلىرىم سىنىڭكىدىن جىق.
10) ئاكامنىڭ ئىشخانىسىدىكى كومپيۇتېرى ئۆيىدىكىسىدىن ياخشىراق.

4. Rewrite the sentences below by deleting the words which are modified by Locative [دىكى + / تىكى + N] or the Genitive attributives :

1) بۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىلىق.
2) ئاكام ئۆزىنىڭ ئايىغىنى ماڭا بەردى.
3) بۇ دۇكاندىكى كىيىملەر ئۇ دۇكاندىكى كىيىملەردىن ئېسىل.
4) ھاممامنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئۆيدىن چوڭراق.
5) ئىشخانامدىكى ئۈستەل ئۆيۈمدىكى ئۈستەلدىن كىچىكرەك.
6) بۇ دۇكاندىكى كۆڭلەك سىڭلىمنىڭ كۆڭلىكىدىن ئېسىلراق.
7) سىڭلىمنىڭ كومپيۇتېرى مېنىڭ كومپيۇتېرىمدىن يېڭىراق.
8) بۈگۈن يېڭى بىنادىكى سىنىپتا ئوقۇدۇق.

5. Translate the following sentences into Uighur :

1) Is the book which is on the table mine ?
2) My brother ' s car is newer , but I like my sister ' s.

3) I was born in an old house (which is) in Kashgar.

4) Our classroom is bigger than yours.

5) Where is the highest mountain, do you know?

6) What does the little boy know?

7) My parents pay (for) my younger sister's tuition. I pay my own (I pay mine by myself).

8) Do today's work today, do not leave it for tomorrow (lit.: do not let it remain for tomorrow).

6. Compose your own 5 – 10 sentences using your knowledge of adjectival degree and the application of suffix كى +.

7. Write a story about your family life.

Requirements:

a. Must be no less than 10 sentences and total 40–60 words.
b. Use different verb tenses properly.
c. Use degree forms of adjectives properly.
d. Use كى + N forms properly
e. Use numerals.
f. Use time, date and days if prossible.

8. Read the following short story with the help of your dictionary and then translate it into English.

## كۈچۈك بىلەن مۈشۈك

بىر ھەپتە بۇرۇن بىزنىڭ ئۆيدىكى ئىت تۆت كۈچۈك تۇغدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئەركەك، ئىك-
كىسى چىشى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرى ناھايىتى مۇلايىم، ئۇ باشقا كۈچۈك-
لەر بىلەن ئوينىمايدۇ، پەقەت بىزنىڭ ئۆيدىكى قارا مۈشۈك بىلەنلا ئوينايدۇ. سىڭلىم شۇ كۈچۈكنى
ياخشى كۆرىدۇ، مەن يەنە بىرىنى ياخشى كۆردۈم. بۇ ئەركەك كۈچۈك بولۇپ، سىڭلىمنىڭكىدىنمۇ
ئاقراق. ئۇنىڭ ئاپئاق يۇڭلىرى ئاپتاپتا پارقىرايدۇ. ئۇ بەك شوخ. ئۇ باشقا كۈچۈكلەر ۋە ئانىسى بى-
لەن ئوينايدۇ، لېكىن مۈشۈك بىلەن ئوينىمايدۇ، چۈنكى ئۇ قېرى ۋە قاپقارا مۈشۈكنى ياخشى كۆر-
مەيدۇ-دە. بىچارە مۈشۈكمۇ ئۇ بار يەرگە كەلمەيدۇ.

# Lesson Thirteen ئون ئۈچىنچى دەرس

## بۇمۇ بولىدىكەن

مېنىڭ ئىتىم باشقا ئادەملەرنىڭ ئىتىدەك ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئىتلىرى يات ئادەمنى ياكى باشقا
ئىتلارنى كۆرسە هاۋشىيدىكەن. مېنىڭ ئىتىم باشقىلارنىڭكىدەك جىق هاۋشىمايدۇ. ئۇ خۇددى مېنىڭ
قۇيرۇقۇمدەك نەگە بارسام شۇ يەرگە بارىدۇ. ئەتراپىمدا جىم، مۇلايىم يۈرىدۇ.

مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭ يوغان ۋە قارا ئىتى بار ئىكەن. ئۇ مېنىڭ ئىتىمدەك ياۋاش ئەمەسمىش،
بەك يامانمىش، بۇ ئەتراپتا ئۇنداق يامان ئىت يوقمىش. بىرى ماڭا شۇنداق دېدى.

بىر كۈنى مەن شۇ دوستۇمنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئەلۋەتتە ئىتىممۇ ئارقامدىن باردى. مەن قورقتۇم.
ئۇنىڭ يامان ئىتى مېنىڭ بۇ كىچىككىنە ۋە ياۋاش ئىتىمنى قوغلىسا، چىشلىسە قانداق قىلىمەن؟
ئىتىم بىلەن ئىككىمىز دوستۇمنىڭ ئۆيىگە كەلسەك ئۇنىڭ ئىتى هويلىدا يوق ئىكەن. ئۇ دوستۇم-
نىڭ ئارقىسىدىن ئۆيدىن چىقتى. قىزىق، ئۇ بىزگە ئېتىلمىدى، هاۋشىمىدى. ئۇ قېرىمۇ دېسەم، قېرى
ئەمەس ئىكەن. كېسەلمۇ دېسەم، كېسەلمۇ ئەمەس ئىكەن. ئۇمۇ مېنىڭكىدەكلا ياۋاش، مۇلايىم ئىت ئىد-
كەن، هېچقاچان هېچكىمگە، هېچنېمىگە هاۋشىمايدىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن پات-پات دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن. دوستۇممۇ بىزنىڭكىگە كېلىدۇ. بىز
پاراڭلىشىمىز، شاهمات ئوينايمىز. ئىتلىرىمىز بولسا ئىككى تەرىپىمىزدە جىمغىنە، مۇلايىمغىنە يا-
تىدۇ. بۇمۇ بولىدىكەن.

## چاشقان بىلەن ئىشى يوق

- ئاڭلىساق سىزنىڭ مۇشۇكۇڭ ناهايىتى يامانمىش، راستمۇ؟
- راست، مۇشۇكۇم ئىنتايىن يامان.
- نېمە يامانلىق قىلىدۇ؟
- گۆش ئوغرىلايدۇ، سۈت ئوغرىلايدۇ.
- ئۇنداق مۇشۇكنى باقما ئەمىسە.
- باقمىسام بولمايدۇ.
- نېمە ئۈچۈن؟
- ئۆيدە چاشقان جىق.
- ئۇنداق بولسا باقساڭ بولىدىكەن.
- لېكىن ئۇ بىرمۇ چاشقان تۇتمايدۇ.
- نېمە ئۈچۈن؟ ياكى مۇشۇكۇڭ چاشقاندىن قورقامدۇ؟ ها ... ها ... ها ...
- ياق، مۇشۇكۇمنىڭ قورسىقى توق، چاشقان بىلەن ئىشى يوق.
- ئۇنداق مۇشۇكنى باقما.

## Vocabulary　　سۆزلۈك

| | |
|---|---|
| 1. dog | ئىت |
| 2. other | باشقا |
| 3. unknown, strange, foreign | يات |
| 4. or; either ... or; neither ... nor | ياكى |
| 5. to bark (dog) | ھاۋشى- |
| 6. just as; as if | خۇددى |
| 7. tail | قۇيرۇق |
| 8. where | نە (≈قەيەر) |
| 9. surrounding (s), around | ئەتراپ |
| 10. quiet (~ ly), still | جىم |
| 11. kind (~ ly), gentle (~ ly) | مۇلايىم |
| 12. well-behaved, good, gentle, mild;honest; naive | ياۋاش |
| 13. walk; roam around;leave | يۈر- |
| 14. someone | بىرى |
| 15. back; backside;behind | ئارقا |
| 16. to chase away; to chase, to pursue | قوغلا- |
| 17. to be afraid of, to be scared of | قورق- |
| 18. to bite (< چىش " *tooth* ") | چىشلە-(چىش + لە-) |
| 19. courtyard, yard | ھويلا |
| 20. to get out; to get on/up | چىق- |
| 21. interesting, funny | قىزىق |
| 22. to throw oneself; to leap at (reflexive of ئات- " *to throw* ") | ئېتىل (<ئات-ىل-) |
| 23. sick, ill adj.; sickness, illness, disease n. | كېسەل |
| 24. none | ھېچ |
| never | ھېچقاچان (<ھېچ + قاچان) |
| no one | ھېچكىم (< ھېچ + كىم) |
| nothing | ھېچنېمە (<ھېچ + نېمە) |
| 25. frequently, often | پات-پات |
| 26. to converse/speak/talk with (< پاراڭ " *conversation* ") | پاراڭلاش (پاراڭ +لاش-) |
| 27. chess; set of chess | شاھمات |
| 28. as for X | N + بولسا |
| 29. side; direction | تەرەپ |
| 30. lie down | يات- |
| 31. dose not care about (it) | N + بىلەن ئىشى يوق |
| 32. mouse, rat | چاشقان |

33. to listen; to hear — ئاڭلا-

as we hear — ئاڭلىساق

34. cat — مۈشۈك

35. extremely — ئىنتايىن

36. badness, evil deeds (< يامان "*bad*") — يامانلىق (يامان + لىق)

37. meat, flesh — گۆش

38. to steal (< ئوغرى "*thief*") — ئوغرىلا- (ئوغرى + لا-)

39. milk — سۈت

40. to feed; to breed/rear; to take care of; to keep (an animal) — باق-

41. why, for what reason, what for — نېمە ئۈچۈن

42. to catch; to hold — تۇت-

43. belly, stomach — قورساق

44. to be full/replete (with food) — توق

## Grammar گرامماتىكا

1. The Suffix of Similarity +تەك/+دەك

1.1 General semantics of +تەك/+دەك

The suffix of similarity +تەك/+دەك can be applied to a noun expressing the likeness or similarity in shape, form, manner, nature, quantity or quality.

1.2 The main function of a noun in +تەك/+دەك form

1.2.1 The nominal in +تەك/+دەك form functions as an attributive in a noun phrase or in a verbal phrase. For example:

*a friend like a kin* — تۇغقاندەك دوست

*as beautiful as a garden* — باغچىدەك چىرايلىق

*This house is not as big as that house.* — بۇ ئۆي ئۇ ئۆيدەك چوڭ ئەمەس.

*You must study well like Alim.* — ئالىمدەك ياخشى ئوقۇ.

*That dog barks like my dog.* — ئۇ ئىت مېنىڭ ئىتىمدەك هاۋشىيدىكەن.

1.2.2 In a noun-phrase in which the noun in +تەك/+دەك form is the attributive constituent (i.e., modifiying the following word), the modified nominal constituent may drop out under certain conditions. In such occasions, the noun in +تەك/+دەك form adopts all the suffixes which were originally applied to the omitted constituent. As explained in section 2.3.3 Lesson 12, it can also followed by the plural, possessive, and case suffixes. For example.

كۈچۈكۈمدەك ئىتلارنى كۆردۈم.> كۈچۈكۈمدەكلەرنى كۆردۈم.

*I saw ones which look like my puppy.* <*I saw dogs which look like my puppy.*

In the example above, كۈچۈكۈمدەك is the attributive in the noun-phrase كۈچۈكۈمدەك ئىت.

When the modified constituent ئىت is omitted , كۈچۈككۈمدەك takes on the syntactic function of that noun–phrase (كۈچۈككۈمدەك ئىت) and adopts the plural suffix لار + as well as the accusative case suffixes نى + (as كۈچۈككۈمدەكلەرنى) which were originally attached to the modified constituent ئىت .

1.2.3 Similar to the كى +form of the noun introduced in Lesson Twelve , the noun in دەك+/تەك+form may also preserve its nominal character and be modified by an attributive , while retaining its adjectival character and functioning as an attributive in a noun–phrase . For instance , in the example in 1.2.2 كۈچۈككۈمدەكis in the attributive position in the noun–phrase كۈچۈككۈمدەك ئىت , modifiying the noun ئىت . This sentence can be extended as : مېنىڭ كۈچۈككۈمدەك ئىتلارنى كۆردۈم. " *I saw dogs that look like my puppy.*" In this extended sentence كۈچۈك takes the modifier مېنىڭ , illustrating that it preserved its nominal character while functioning as an attributive in the form of كۈچۈككۈمدەكmodifying the noun ئىت .

1.3 Application of the suffix تەك+/دەك+

1.3.1 The suffix تەك+/دەك+ can be preceded by plural and possessive suffixes.

For example :

*something like my brother* ئاكامدەك < ئاكا + م + دەك

*something like my puppies* كۈچۈكلىرىمدەك < كۈچۈك + لەر + ىم + دەك

1.3.2 It can also be preceded by the suffix كى+, in cluding suffix combinations like دىكى+/تىكى + and نىڭكى + . For example :

*the weather like today ' s (weather)* بۈگۈن + كى + دەك < بۈگۈنكىدەك ھاۋا

*a shirt like the one in the store* دۇكان + دا + كى + دەك < دۇكاندىكىدەك كۆينەك

*a car like my brother ' s (car)* ئاكا + م + نىڭ + كى + دەك < ئاكامنىڭكىدەك ماشىنا

2. The Particles ئىكەن، ئىدى and ئىمىش

The particles ئىكەن، ئىدى and ئىمىش , are normally applied after the nominal predicates. Being in the predicative position , these particles always occur with predicative personal endings.

See the chart below :

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىمىشمەن | ئىكەنمەن | ئىدىم | singular | | 1st person |
| ئىمىشمىز | ئىكەنمىز | ئىدۇق | plural | | |
| ئىمىشسەن | ئىكەنسەن | ئىدىڭ | informal | singular | 2nd person |
| ئىمىشسىز | ئىكەنسىز | ئىدىڭىز | polite | | |
| ئىمىشسىلەر | ئىكەنسىلەر | ئىدىڭلار | plural | | |
| ئىمىش | ئىكەن | ئىدى | singular & plural | | 3rd person |

2.1 The particle ئىدى denotes declartion of information in the past that the speaker is certain of. Compare the sentences in each group below :

*I am a student.* مەن ئوقۇغۇچى.

*I was a student.* مەن ئوقۇغۇچى ئىدىم.

*You are a teacher.* سەن مۇئەللىم.

*You were a teacher.* سەن مۇئەللىم ئىدىڭ.

*There are two bowls on the table.* ئۈستەلدە ئىككى چىنە بار.

*There were two bowls on the table.* ئۈستەلدە ئىككى چىنە بار ئىدى.

2.2 The particle ئىكەن denotes declaration of a conclusive / perfective state of indierct information, which may just been realized by the speaker or has been communicated by someone else. Compare the sentences in each group below:

*I am a writer.* مەن يازغۇچى.

*(I am told that) I am a writer.* مەن يازغۇچى ئىكەنمەن.

*This girl is beautiful.* بۇ قىز چىرايلىق.

*(I found) this girl to be beautiful.* بۇ قىز چىرايلىق ئىكەن.

*You are a good man.* سىز ياخشى ئادەم.

*(I realized that) you are a good man.* سىز ياخشى ئادەم ئىكەنسىز.

2.3 The interrogative particle مۇ ± is normally attached to the of the end word. However, when it is applied to [ئىدى + N] and [ئىكەن + N], it can also be placed before ئىدى or ئىكەن and merged with the latter appearing as suffixes + مىدى + / + مىكەن +, and thus should be written attached to the stem.

See the chard below and compare the different interrogative forms of + ئىدى + N and + ئىكەن + N:

| + ئىكەن + N | | + ئىدى + N | |
|---|---|---|---|
| internal + م + | final مۇ + | internal + م + | final مۇ + |
| ئوقۇغۇچىمىكەنمەن؟ | ئوقۇغۇچى ئىكەنمەنمۇ؟ | ئوقۇغۇچىمىدىم؟ | ئوقۇغۇچى ئىدىممۇ؟ |
| ئوقۇغۇچىمىكەنمىز؟ | ئوقۇغۇچى ئىكەنمىزمۇ؟ | ئوقۇغۇچىمىدۇق؟ | ئوقۇغۇچى ئىدۇقمۇ؟ |
| ئوقۇغۇچىمىكەنسەن؟ | ئوقۇغۇچى ئىكەنسەنمۇ؟ | ئوقۇغۇچىمىدىڭ؟ | ئوقۇغۇچى ئىدىڭمۇ؟ |
| ئوقۇغۇچىمىكەنمەن | ئوقۇغۇچى ئىكەنسىزمۇ؟ | ئوقۇغۇچىمىدىڭىز؟ | ئوقۇغۇچى ئىدىڭىزمۇ؟ |
| ئوقۇغۇچىمىكەنسىز؟ | ئوقۇغۇچى ئىكەنسىلەرمۇ؟ | ئوقۇغۇچىمىدىڭلار؟ | ئوقۇغۇچى ئىدىڭلارمۇ؟ |
| ئوقۇغۇچىمىكەن؟ | ئوقۇغۇچى ئىكەنمۇ؟ | ئوقۇغۇچىمىدى؟ | ئوقۇغۇچى ئىدىمۇ؟ |

2.4 The particle ئىكەن can also be applied to certain verbal forms, such as future tense forms, perfect and imperfect participle forms (see Lesson Fifteen and Lesson Sixteen), etc.

2.4.1 When it is applied to a verb in the *future tense*, it fuses into the verb appearing in دىكەن

form between the future tense suffix and personal endings, indicating the indirect information about the action which will take place.

See the chart below and compare the simple future tense form of the verb with the indirect information form (i.e., future tense ئىكەن form):

| future tense ئىكەن form | | | simple future tense |
|---|---|---|---|
| *I'm told that I will go.* | باربدىكەنمەن | ← *I will go.* | بارىمەن |
| *I'm told that we will go.* | باربدىكەنمىز | ← *We will go.* | بارىمىز |
| *I'm told that you will go.* | باربدىكەنسەن | ← *You will go.* | بارىسەن |
| *I'm told that you (polite) will go.* | باربدىكەنسىز | ← *You (polite) will go.* | بارىسىز |
| *I'm told that you (plural) will go.* | باربدىكەنسىلەر | ← *You (plura) will go.* | بارىسىلەر |
| *I'm told that s/he/they will go.* | باربدىكەن | ← *S/he/they will go.* | بارىدۇ |

2.4.2 When the interrogative particle مۇ ± is applied th the future tense [ئىكەن] form of the verb, the formation will be similar to that of the simple future tense interrogative (see Lesson Nine, grammar section 1.2). The particle مۇ ± occurs after the future tense suffix in -م- form. The future tense suffix takes the form of -ا-/-ە- if the preceding syllable ends in a consonant; it merges with the vowel of any preceding syllable that already ends in a vowel. See the following charts and compare:

future + ئىكەن

| interrogative < positive |
|---|
| بارىدىكەنمەن > بارامدىكەنمەن؟ |
| بارىدىكەنمىز > بارامدىكەنمىز؟ |
| بارىدىكەنسەن > بارامدىكەنسەن؟ |
| بارىدىكەنسىز > بارامدىكەنسىز؟ |
| بارىدىكەنسىلەر > بارامدىكەنسىلەر؟ |
| بارىدىكەن > بارامدىكەن؟ |

compare

simple future

| interrogative < positive |
|---|
| بارىمەن > بارامدىمەن؟ |
| بارىمىز > بارامدىمىز؟ |
| بارىسەن > بارامسەن؟ |
| بارىسىز > بارامسىز؟ |
| بارىسىلەر > بارامسىلەر؟ |
| بارىدۇ > بارامدۇق؟ |

future + ئىكەن

| interrogative < positive |
|---|
| ئىزدەيدىكەنمەن > ئىزدەمدىكەنمەن؟ |
| ئىزدەيدىكەنمىز > ئىزدەمدىكەنمىز؟ |
| ئىزدەيدىكەنسەن > ئىزدەمدىكەنسەن؟ |
| ئىزدەيدىكەنسىز > ئىزدەمدىكەنسىز؟ |
| ئىزدەيدىكەنسىلەر > ئىزدەمدىكەنسىلەر؟ |
| ئىزدەيدىكەن > ئىزدەمدىكەن؟ |

compare

simple future

| interrogative < positive |
|---|
| ئىزدەيمەن > ئىزدەمدىمەن؟ |
| ئىزدەيمىز > ئىزدەمدىمىز؟ |
| ئىزدەيسەن > ئىزدەمسەن؟ |
| ئىزدەيسىز > ئىزدەمسىز؟ |
| ئىزدەيسىلەر > ئىزدەمسىلەر؟ |
| ئىزدەيدۇ > ئىزدەمدۇ؟ |

2.5 Applied after the nominal predicate in the sentence, the particle ئىمىش also denotes

declaration of indirect information, but the speaker has doubt about or dislikes it. The particle ئىمىش may occur as suffix + مىش + and be written attached to the stem. Compare the sentences in each group below:

يازغۇچىمەن.
I am a writer.

يازغۇچى ئىمىشمەن (= يازغۇچىمىشمەن).
I am a writer (I doubt it).

ئۇ چىرايلىق.
She is beatiful.

ئۇ چىرايلىق ئىمىش (=چىرايلىقمىش).
She is beatiful (I doubt it).

مېنىڭ تۇغقىنىمسىز.
You are my kin.

مېنىڭ تۇغقىنىم ئىمىشسىز (= تۇغقىنىممىشسىز)
You are my kin (I doubt it).

2.6 The particle ئىكەن and ئىمىش can be overlapped and merged as ئىكەنمىش, denoting storonger doubt of the speaker about the indirect information.

دوستۇمنىڭ ئىتى يامان ئىكەنمىش.

This sentence expresses that the speaker doubts strongly (or completely rejects) the indirect information that his friend's dog is bad.

2.7 This compound ئىكەنمىش form of particles ئىكەن and ئىمىش would appear in the form of دىكەنمىش when it is applied to the *future/habitual* form of the verb merged with the latter, as in:

دوستۇمنىڭ ئىتى باشقا ئىتلارنى كۆرسە هاۋشىيدىكەنمىش.

(Doubtfully) my friend's dog barks when it sees other dogs.

مەن ئىتىمنى ياخشى كۆرمەيدىكەنمىشمەن.

(I seriously doubt what people may say, that) I do not like my dog.

3. Derivational Suffix +لەش-/+لاش-

The derivational suffix +لەش-/+لاش- derives verbs from nom inal stems. E.g.:

پاراڭ "*conversation*" + لاش -/پاراڭلاش- "*to converse*"

مەسلىھەت "*suggestion*" + لەش ->مەسلىھەتلەش- "*to consult*"

## مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار Exercies and Assignments

1. Answer the following questions according to the texts:

1) يازغۇچىنىڭ نېمىسى بار ئىكەن؟
2) ئۇنىڭ ئىتى ياخشىمۇ - يامانمۇ؟
3) ئۇنىڭ ئىتى نېمە قىلىدىكەن؟
4) يازغۇچىنىڭ دوستىنىڭ قانداق ئىتى بار ئىكەن؟
5) يازغۇچى قەيەرگە باردى؟ كىم بىلەن باردى؟
6) دوستىنىڭ ئىتى نېمە قىلدى؟
7) ئىككى دوست نېمە قىلدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىتلىرىچۇ؟
8) قارا مۈشۈك ياخشى مۈشۈكمىكەن؟
9) قارا مۈشۈك نېمە قىلىدىكەن؟
10) سىزگە بىرى بۇ مۈشۈكتەك مۈشۈكنى بەرسە باقامسىز ياكى باقمامسىز؟

2. Read and translate the following sentences into English :

1) سېنىڭ ئىتىڭ مېنىڭ ئىتىمدەك ھاۋشىمدۇ؟
2) دوستۇمنىڭمۇ مېنىڭ شاھمىتىمدەك شاھمىتى بار ئىكەن؟
3) ئۇنىڭ مۈشۈكى چاشقان تۇتمايدىكەن.
4) كىمنىڭ ئۆيىدە چاشقان جىق ئىكەن؟
5) تۈنۈگۈن سىلەرنىڭ ئۆيگە بارسام ھېچكىم يوق ئىدى.
6) ئۇنىڭ ئىتى يات ئادەملەرنى چىشلەيدىكەن.
7) مەن ئاشۇ يامان مۈشۈكنى باقىدىكەنمىشمەن.
8) تاغامنىڭ ئۆيىدىكىدەك بىر مۈلايىم ئىت باقاي دەيمەن.
9) سىزنىڭ ئىتىڭىز ناھايىتى ياخشى ئىكەن، مەنمۇ سىزنىڭكىدەكتىن بىرنى باقىمەن.
10) ئۇنىڭ مۈشۈكى چاشقان تۇتمايدىكەنمىش، گۆش بىلەن سۈتنى ئوغرىلايدىكەنمىش.

3. Translate the following sentences into Uighur :

1) Is your friend ' s dog gentle ? (*i.e.: Did you find it gentle ?* )
2) My father had many books.
3) Their courtyard is very beatiful. (*i.e. : You found it beatiful.*)
4) His mother is ill. (*You were told.*)
5) You are afraid of nothing. (*as I have discovered.*)
6) Let us play chess as often as they do.
7) (*As I see it*) your cat is as funny as mine.
8) I am tall , he is short. But I am younger (*lit. : smaller*) than him.
9) My parents are going to Urumqi , we are not going. (*I have discovered.*)
10) There are no rats in his house (*I doubt it*). Then , why does he keep a cat ?

4. Make ten sentences of your own using the suffix +تەك/+دەك and particles ئىكەن، ئىدى and ئىمىش.

5. Read the short story below with the help of your dictionary and translate it into English :

## تۈلكىنىڭ تەقسىماتى[1]

بىر ئورماندا يولۋاس زومىگەر ئىكەن، بۆرە خوشامەتچى ئىكەن، تۈلكە يالاقچى ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئۈچى بىللە ئوۋغا چىقىدىكەن. ئۇلار بىر توشقان، بىر قىرغاۋۇل، بىر كېيىكنى تۇتىدىكەن. بۆرە يولۋاسقا:

– بۇ ئولجىلارنى مەن تەقسىم قىلاي! توشقان كىچىك جانىۋار ئىكەن، ئۇنى تۈلكە يېسۇن. قىرغاۋۇل چوكراق، ئۇنى مەن يەي. سىز ھەممىمىزدىن چوڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئەڭ يوغان جانىۋار كېيىكنى يەڭ، – دەيدىكەن.

يولۋاسنىڭ ئاچچىقى كېلىدىكەن – دە، بۆرىنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرىدىكەن. بۆرىنىڭ بىر كۆزى چاچراپ چىقىپ كېتىدىكەن[2]. شۇنىڭدىن كېيىن يولۋاس تۈلكىگە:

– ئەمدى سەن تەقسىم قىلغىن! – دەيدىكەن.

خوپ بولىدۇ، – دەيدىكەن تۈلكە، – توشقان جانابلىرىنىڭ ناشتىلىق تاماقلىرى بولسۇن، قىرغاۋۇل چۈشلۈك تاماقلىرى بولسۇن، كېيىك كەچلىك تاماقلىرى بولسۇن، جانابلىرىدىن ئاشسا بىز يەيلى.

تۈلكىنىڭ تەقسىماتى يولۋاسقا بەك ياقىدىكەن – دە، تۈلكىدىن سورايدىكەن:

– مۇنداق ئادىل تەقسىماتنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟

تۈلكە دەرھال:

– بۆرىنىڭ چىقىپ كەتكەن كۆزىدىن ئۆگەندىم جانابلىرى، – دەيدىكەن.

6. Write a composition combining the grammatical points in Lessons Twelve and Thirteen.

---

① This tale is adapted from ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى (Uighur Reader), The Kashgar Uighur Publishing House, 2001, p. 38.

② چاچراپ چىقىپ كەت – "pop out"

# Lesson Fourteen

# ئون تۆتىنچى دەرس

## ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئىگىلەش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟

— سىز شىنجاڭغا نېمە ئۈچۈن كەلدىڭىز؟
— ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلدىم.
— ئامېرىكىدا ئۇيغۇر تىلى كۇرسلىرى يوقمۇ؟
— ئەلۋەتتە بار. بىر نەچچە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا بار. مەن سېئاتلدىكى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل ئۇيغۇر تىلى ئۆگەندىم.
— سىز ئۇيغۇر تىلىنى يامان ئەمەس سۆزلەيدىكەنسىز.
— رەھمەت. لېكىن بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىنىمۇ ياخشى بىلىش كېرەك. شۇنداق ئەمەسمۇ؟
— توغرا دەيسىز. تىل تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى. بىر تىلنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ياخشى بىلىش لازىم.
— مەن ھازىر ئۇيغۇر تىلى، فولكلور، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قاتارلىق دەرسلەرنى ئالدىم. يەنە نېمىلەرنى قىلىشىم كېرەك.؟
— ئۇيغۇرلار بىلەن جىق ئارىلىشىڭ. ھەر خىل ياشتىكى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىڭ. ئۇلار بىلەن دوست بولۇڭ. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىڭ. ئۇلارنىڭ توي - تۆكۈن ۋە نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرىغا قاتنىشىڭ. بۇ مۇراسىملاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ۋە يېڭى مەدەنىيىتىنى كۆرىسىز.
— مەن مۇسۇلمان ئەمەس، مۇسۇلمانلارنىڭ توي - تۆكۈن ۋە نەزىرلىرىگە بارسام بولامدۇ؟
— بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئوچۇق كۆڭۈل خەلق. ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلسىڭىزلا ئۇلار سىزنى قوبۇل قىلىدۇ.
— رەھمەت سىزگە.
— ھېچقىسى يوق.

## ئوقۇشتىن كېيىن

مەن ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل ئوقۇدۇم. سېنتەبىردە ئامېرىكىغا قايتىشىم كېرەك. ئامېرىكىغا قايتىشتىن بۇرۇن يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرگۈم بار ئىدى.
بۇ ئويۇمنى بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىمغا دېدىم. بۇ ياش مۇئەللىم تۇرپانلىق ئىكەن، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى تۇرپاننىڭ يارغول يېزىسىدا تۇرىدىكەن.
9 - ئىيۇل ئىمتىھانلار تۈگىدى. 10 - ئىيۇل ئەتىگەندە مۇئەللىم بىلەن ئىككىمىز تۇرپانغا ماڭدۇق. چۈشكە يېقىن بىز ئوقۇتقۇچۇمنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭكىگە كەلدۇق. بىز ھويلىغا كىرسەك ھويلىدا ھېچكىم يوق ئىكەن. ئوقۇتقۇچۇم مېنى مېھمانخانىسىغا باشلىدى. بوۋاي - موماي بىر قانچە قوشنىلىرى بىلەن شۇ يەردە ئىكەن. ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇردى. بىردىن - بىردىن سالاملاشتۇق.
ئۇ كۈنى ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. چاي ياكى سۇ ئىچكۈم كەلدى. لېكىن ئالدى بىلەن چوڭلارنىڭ دۇئاسىنى كۈتۈش كېرەك ئىكەن. تۆردىكى بىر ئاق ساقاللىق بوۋاي دۇئا قىلدى. دۇئا - تەكبىردىن كېيىن بىر ياش ئايال ھەممىمىزگە چاي قۇيدى. بۇ ئايال ئوقۇتقۇچۇمنىڭ يەڭگىسى ئىكەن. كېلىنمۇ

مۇشۇ ھويلىدا تۇرىدىكەن. چاينى شۇنداق ئىچكۇم كەلسىمۇ چوڭلاردىن بۇرۇن داستىخانغا قول سۇن-
ماسلىقىم كېرەك ئىكەن.

تۇرپاندىكى كارىزنى كۆرگۈم بار ئىدى. ئەتىسى ئوقۇتقۇچۇم بىلەن كارىزغا باردۇق. تۇرپاندا تۆت
كۈن تۇردۇق. جىق تارىخىي جايلارنى كۆردۇق. ئوقۇتقۇچۇم 15 ـ ئىيۇلدىن بۇرۇن مەكتەپكە قايتىشى
كېرەك ئىدى. 14 ـ چېسلا ئۇ ئۇرۇمچىگە ماڭدى. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى ۋە
ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن تەرەپلەرگە يولغا
چىقتىم.

## Vocabulary سۆزلۈك

1. tongue ; language — تىل
2. to master , to learn; to possess (<ئىگە "*possessor*") — ئىگىلە ـ (ئىگە + لە ـ)
3. *postposition* : in order to; for; the sake of — ئۈچۈن
4. course — كۇرس
5. a few; several — بىر نەچچە / بىر قانچە
6. to speak (< سۆز "*word*" n.) — سۆزلە ـ (سۆز + لە ـ)
7. to understand — چۈشەن ـ
8. culture , civilization — مەدەنىيەت
9. custom — ئۆرپ ـ ئادەت
10. furthermore; moreover; and; also; as well as — شۇنداقلا
11. literature — ئەدەبىيات
12. right , correct; straight — توغرا
13. life (every day life) — تۇرمۇش
14. reflection — ئىنكاس
15. folklore , oral literature — فولكلور

16. etcetera, and so forth, and so on — قاتارلىق

17. to take/register for/sign for classes — دەرس ئال -

18. to be involved in/with; to be mixed; to interfere with — ئارىلاش -

19. kind, type, sort — خىل

20. all kinds, every kind — ھەر خىل

21. wedding; celebration; festival — توي

22. a good deed in the name of God; a mourning ceremony — نەزىر

23. ceremony, formality — مۇراسىم

24. to take part in, to attend — قاتناش -

25. traditional adj. ( < ئەنئەنە " *tradition* " n.) — ئەنئەنىۋى ( < ئەنئەنە + ۋى )

26. Muslim — مۇسۇلمان

27. open; clear — ئوچۇق

28. soul, heart — كۆڭۈل

29. open - minded, broad -minded; unprejudiced — ئوچۇق كۆڭۈل

30. people, folk; public — خەلق

31. to respect, to honor ( < ھۆرمەت " *respect* " n.) — ھۆرمەت قىل - (= ھۆرمەتلە - )

32. to accept; to receive — قوبۇل قىل -

33. not at all, it is nothing, do not mention it — ھېچقىسى يوق

34. before (requires ablative case if used as a postposition) — بۇرۇن (N - دىن بۇرۇن)

35. village; countryside — يېزا

36. thought(s), idea, opinion — ئوي

37. a village in Turpan (an ancient city ruins is located there) — يارغول

38. close; nearby — يېقىن

39. hotel; a room in a house designated to entertain guests — مېھمانخانا

40. an old man — بوۋاي

41. an old woman — موماي

42. neighbor — قوشنا

43. place, seat; bed; unit — ئورۇن

44. one by one — بىردىن - بىردىن (بىر - بىردىن :also)

45. to greet reciprocal ( < سالام " *greeting* " n.) — سالاملاش - ( < سالام+ لاش - )

46. hot adj. ; heat n. ( < ئىسسى - v. " *to be/turn hot, worm* ") — ئىسسىق ( < ئىسسى - ق )

47. prayer — دۇئا، دۇئا - تەكبىر

48. to wait; to wait on, entertain — كۈت -

49. a seat of honor in the room — تۆر

50. beard — ساقال

51. to pour — قۇي -

52. sister in law (older brother's wife) — يەڭگە

53. daughter-in-law — كېلىن

54. table cloth (also refers to a spread cloth with served food on it) — داستىخان

55. hand; arm — قول

56. to extend, to stretch; to hand over — سۇن

57. to stretch one 's hand, to reach out — قول سۇن –
58. karez (underground ditches unique to the Turpan area) — كارىز
59. historical adj. ( < تارىخ " history " n.) — تارىخى (< تارىخ + ى )
60. place; location; area; spot — جاي
61. road; journey — يول
62. to start a journey, to depart (lit.: get on the road) — يولغا چىق –

## Grammar گىراماتىكا

### 1. The Verbal – Noun

1.1 General features:

The *verbal – noun* is an impersonal form of the verb, which can function as a noun in the phrase structure while preserving its syntactic features as a verb. That is:

1) It can decline as a noun accepting the plural, possessive, and the case suffixes of a noun;

2) The stem preserves its verbal syntactic features, such as: a) requiring its nominal direct object to be in the accusative form; b) being modified by an adverb.

1.2 Verbal – noun forms and their functions

There are three sets of *verbal – noun* suffixes which can be applied to turn the verbal stem into a *verbal – noun*:

1) – ش + /– ىش + /ۇش + /– ۈش +
2) – غۇ + /قۇ + /– گۈ + / – كۈ +
3) – ماق + /– مەك +

1.2.1 In Modern Uighur, the suffix +ش – / + ىش – / + ۇش – / + ۈش – is the one most commonly used in such changes, when a verb needs to be in the nominal position. This form of the verb corresponds to the English geround (V + ing) or to the infinitive form (to V). For example:

**I like to read/reading books.** كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن.

In the sentence above, a verbal – phrase كىتاب ئوقۇ – occurs as the direct object of the verbal predicate – ياخشى كۆر. The marker of direct object, the accusative case suffix +نى, cannot be directly applied to the verbal stem – ئوقۇ. thus the latter becomes a verbal – noun by means of the suffix + ش – as: + ئوقۇ – < ئوقۇ – ىش + < ئوقۇش. Then the direct object marker can be applied: ئوقۇش + نى < ئوقۇشنى.

Application of the variants of this suffix depends on the consonant or vowel ending of the stem and on the palatal labial harmony of the vowels.

1.2.1.1 The suffix variant + ش – is applied to a stem that ends in a vowel. E.g.:

ئوينا – ش = ئويناش؛ ئىشلە – ش = ئىشلەش؛ ئوقۇ – ش = ئوقۇش

1.2.1.2 The suffix variant +ش - is applied to a stem that ends in a consonant and is preceded by an un - roun ded vowel. E.g.:

ياز - ش = يېزىش؛ كەل - ش = كېلىش؛ باشلان - ش = باشلىنىش

1.2.1.3 The suffix variant +ۇش - is applied to a stem that ends in a consonant and is preceded by a rounded back vowel. E.g:

تۇر - ۇش = تۇرۇش؛ تۇغۇل - ۇش = تۇغۇلۇش؛ تاپشۇر - ۇش = تاپشۇرۇش

1.2.1.4 The suffix variant +ۈش - is applied to a stem that ends in a consonant and is preceded by a rounded front vowel:

كۆر - ۈش = كۆرۈش؛ بۆلۈن - ۈش = بۆلۈنۈش

*Note: When applying this verbal - noun suffix to certain verbs which end in a vowel, an intervocalic consonant ي - may occur after the stem.*

*Examples:*

يۇ: يۇ - ي - ۇش = يۇيۇش *(to wash)*

دە: دە - ي - ش = دېيىش *(to say)*

يە: يە - ي - ش = يېيىش *(to eat)*

1.2.1.5 The negative form of +ش - / - ش + / - ۇش + / - ۈش is ماسلىق - / مەسلىك -

The selection of the negative suffix variants depends on the palatal harmony with the vowels in the last syllable of the stem. Compare:

| VN - negative | VN - positive | V - stem | |
|---|---|---|---|
| ئوينا - ماسلىق = ئوينىماسلىق | ئوينا - ش = ئويناش | ئوينا - | back |
| ئولتۇر - ماسلىق = ئولتۇرماسلىق | ئولتۇر - ۇش = ئولتۇرۇش | ئولتۇر - | |
| كەت - مەسلىك = كەتمەسلىك | كەت - ش = كېتىش | كەت - | front |
| كۆر - مەسلىك = كۆرمەسلىك | كۆر - ۈش = كۆرۈش | كۆر - | |

1.2.2 The suffix +غۇ - / +قۇ - / +گۇ / +كۇ - is motly used in the following occasions:

1.2.2.1 It is used to turn a verbal stem into a nominal stem in a derivational process.

For example, the suffix +غۇ - / +قۇ - / +گۇ / +كۇ - must be applied when a noun needs to be derived from a verbal stem using the derivational suffix +چى, which can only derive nouns from nominal stems. E.g.:

ئوقۇ – : ‘ *to study* ’ ئوقۇ– غۇ + چى = ئوقۇغۇچى ‘ *student* ’
ياز – : ‘ *to write* ’ ياز– غۇ + چى = يازغۇچى ‘ *writer* ’

1.2.2.2 In order to express the existence or appearance of a desire or intention (quite similar to " *want to* " in English), a combination of nominal possessive suffixes with the verbal – noun suffix + غۇ – / + قۇ – / + گۇ / + كۇ – as well as the modal words بار (" *to exist; there is; to have* "), يوق (" *there is no* ") or the auxiliary verb – كەل is used. For example :

كۆر – : " to see "

كۆر– گۇ + م بار " *my desire to see/to watch exists* "
كۆر– گۇ + سى يوق " *his/her desire to see/to watch does not exist* "
كۆر– گۇ + ڭىز كەل – " *your desire/intention of seeing/watching arose* "

These phrases can be used for soft, in direct expressions of the intention and/or the desire of a person in contrast to direct declarations expressed by any other verbal tense or mood forms. Compare :

كۆرىمەن. *I will see it.*
كۆرمەكچىمەن. *I want (I am intending) to see it.*
كۆرەي دەيمەن. *I am thinking of seeing it.*
كۆرگۈم بار. *I would like to see it (if possible).*
كۆرگۈم كەلدى. *I long/yearn to see (it).*

1.2.2.3 Generally, the suffix + غۇ – / + قۇ – / + گۇ – / + كۇ – is not applied to a negative verbal stem.

1.2.3 The suffix + ماق – / + مەك – is not a common form in Modern Uighur. It is generally used in classical literature, idiom and proverbs. For example :

بەرمەك ئاسان، سورىماق تەس. *Lit.: Giving is easy, asking is difficult.*

In some dictionaries, the suffix + ماق – / + مەك + is improperly used as verbal infinitive marker.

It cannot be applied to the negative verbal stem.

**2. The Modal Words كېرەك and لازىم**

2.1 These two words, which can be used interchangeably, appear in sentences as postpositions, express the necessity in a noun phrase. E.g. :

ماڭا پۇل كېرەك/لازىم. *I need money.*
ماڭا ھېچنېمە كېرەك/لازىم ئەمەس. *I need nothing.*

2.2 They can also express the necessity of an action, in which case the verb must be in verbal – noun form. E.g. :

*You must study well.* سەن ياخشى ئوقۇشۇڭ كېرەك/لازىم.

*I must not go to Turpan in this heat.* بۇ ئىسسىقتا تۇرپانغا بارماسلىقىم كېرەك.

2.3 They may also appear in an attributive position modifying a noun. E.g.:

ئاينۇر دۇكاندىن ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالدى.

*Aynur bought necessary items for herself from the store.*

2.4 The word كېرەك can be used in combination with the conditional mood form of the verb (V – سا/سە) expressing a hypotheses or assumptions of the speaker. E.g.:

*He/she must be a student.* ئۇ ئوقۇغۇچى بولسا كېرەك.

*Probably he will be coming today.* ئۇ بۈگۈن كەلسە كېرەك.

### 3. The Postposition ئۈچۈن

The postposition ئۈچۈن may occur after a noun or a verbal – noun expressing the designation, purpose, reason, or cause of a subject or an action. E.g.:

مەن بۇ يېڭى كومپيۇتېرنى قىزىم ئۈچۈن ئالدىم.

*I bought this new computer for my daughter.*

سىز نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟

*Why (for what reason / purpose) did you come here?*

مۈشۈك بېقىش سىز ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ بىر ئىشمۇ؟

*Is keeping a cat such a big issue for you?*

سىز شىنجاڭغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلدىڭىزمۇ؟

*Did you come to Xinjiang (in order) to learn Uighur?*

### 4. Derivational Suffix +ي / +يى / +ۋى

The derivational suffix +ي / +يى / +ۋى derives adjective from nouns. E.g:

ئەنئەنە *"tradition"* + ۋى > ئەنئەنىۋى *"traditional"*

ئەقىل *"intelligence"* + ي > ئەقلىي *"dintellectual"*

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

**1. Construct the [V–ˊsᵛ + ] verbal – noun forms of following verbs:**

سۆزلە – ؛ چۈشەن – ئارىلاش – ؛ ھۆرمەت قىل – ؛ ماڭ – ؛ قايت – ؛ قوي – ؛

ھاۋشى – ؛ يور – ؛ چىق – ؛ قورق – ؛ يات – ؛ توغۇل – ؛ بار – ؛ بەر – ؛ يۇ – .

2. **Derive nouns from the following verbs using the dervational suffix** چى + :

ئوقۇ ـ ؛ ياز ـ ؛ قاتناش ـ ؛ كۈت ـ ؛ چۈشەندۈر ـ ؛ تازىلا ـ ؛ ئۆت ـ ؛ ئاڭلا ـ .

3. **Extend the following phrases into more complete sentences in Uighur** :

1) كۆرۈشۈم كېرەك.
2) ئوغرىلىغىڭىز بارمۇ؟
3) تۈتماسلىقىڭىز لازىم.
4) سۈت ئىچكۈم كەلدى.
5) تاماق يېگۈم كەلدى.
6) ھاۋشىمىسا كېرەك.
7) ھۆرمەت لازىم ئەمەسمىكەن ؟
8) بىلىش ئۈچۈن ئۆگىنىش كېرەك.

4. **Answer the following questions in Uighur according to the texts** :

1) Why did this American came to Xin jiang ?
2) Where did he begin to learn Uighur ?
3) How many years has he studied Uighur ?
4) Does he speak Uighur well ?
5) What does he need to do in order to understand Uighur well ?
6) What did his friend say ? What would you say ?
7) What does he need to do to go to Muslim ceremonies ?
8) How many years has he studied at Xinjiang University ?
9) What does he want to do before his return to the United States ?
10) Whom did he talk with about his idea ?
11) Where did they go ? When ?
12) Who was there when they arrived ?
13) What did he want to do after the greetings ? Why didn ' t he do it ?
14) Where did they go in Turpan ?
15) Where did he go ? Why ?
16) Where did his teacher go ? Why ?

5. **T ranslate the following sentences into English** :

1) ئۇ تېلېۋىزور كۆرۈشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.
2) تاماقنى جىق يېمەسلىكىڭىز كېرەك.
3) ئوغلۇم ئۈچۈن بىر ماشىنا ئېلىشىم كېرەك.
4) يەكشەنبە كۈنى سىزنىڭ نېمە قىلغۇڭىز بار؟
5) بۇ قارا مۈشۈك يامان ئىكەن. ئەمدى بىر ئىت باققۇم بار.
6) بۇ مېنىڭ ئەمەس، ئالىمنىڭ بولسا كېرەك.
7) دوستىڭىزنىڭكىگە بۈگۈن بېرىشىڭىز كېرەكمۇ؟
8) دەرسكە كېرەك كىتابلارنىلا ئالدىم.
9) بۇنداق گەپلەر ھېچكىمگە كېرەك ئەمەس.
10) تاپشۇرۇقلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز ئىشلىشىڭىز كېرەك.

6. **Translate the following sentences into Uighur:**

1) Would you like to go to Hotan with me?
2) My sister wants (has a desire) to have my computer.
3) You must do your own work by yourself.
4) It is not right to say so (lit.: saying so is not correct).
5) Washing your shirt is not my job (work).
6) we went to a restau rant for lunch (lit.: for noon meal).
7) Did you come to see me?
8) You must respect the old men and the old women.
9) I do not know whether I will go to Turpan or not.
10) He must be the writer of this book.

7. **Compose 5 – 10 sen tences applying the grammatical points in this lesson.**

8. **Read the following passage with the help of your dictionary:**

### تۇرمۇشىڭىز تەرتىپلىك بولۇشى كېرەك

مەن ھازىر كېسەل ئادەم بولدۇم. نېمە ئۈچۈن بىلەمسىز؟ سىزنىڭ بىلىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس، كېسەل بولۇشۇمنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈم بىلىمەن.

ئوقۇغۇچىمەن ھەم ياخشى ئوقۇغۇچىمەن. لېكىن تۇرمۇشۇم تەرتىپلىك ئەمەس. ھەر كۈنى كەچتە سائەت بىر ياكى ئىككىدىن بۇرۇن ياتمايمەن، كىتاب ئوقۇيمەن. تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن، ماقالە يازىمەن. ئەتىگەندە تۇرغۇم كەلمىسىمۇ تۇرۇشۇم كېرەك، چۈنكى ھەر كۈنى ئەتىگەندە دەرسىم بار. ئەتىگەندە چاي ئىچكۈم كەلمەيدۇ، قورسىقىم ئاچ مەكتەپكە ماڭىمەن. تۆت سائەت دەرستىن كېيىن بىر ساند- ۋىچ يەيمەن - دە، يەنە دەرسكە بارىمەن، كۇتۇپخانىغا بارىمەن. كەچلىك تاماقنى سائەت يەتتىدە يەي- مەن ۋە جىق يەيمەن. تاماقتىن كېيىن بىر - ئىككى سائەت تېلېۋىزور كۆرىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە دەرسكە ئولتۇرىمەن.

مانا ئەمدى كېسەل بولدۇم. بىلىمەن، كېسەل بولماسلىق ئۈچۈن ئەتىگەندە ئەلۋەتتە چاينى ياخشى ئىچىشىم كېرەك ئىدى؛ چۈشتە ئوبدان تاماق يېيىشىم كېرەك ئىدى؛ كەچلىك تاماقنى ئۇنداق جىق يېمەسلىكىم كېرەك ئىدى؛ كەچتە بالدۇرراق يېتىشىم كېرەك ئىدى. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مې- نىڭ كېسەل بولۇشۇمنىڭ سەۋەبلىرى بولسا كېرەك. سىزنىڭ كېسەل بولغۇڭىز كەلمىسە ھەرگىز مەندەك قىلماڭ. تۇرمۇشىڭىز تەرتىپلىك بولۇشى كېرەك.

9. **Write a composition following the patterns of readings in this lesson.**

# *Lesson Fifteen* ئون بەشىنچى

## ئۆيگە قايتقاندا ...

كەچتە ئۆيگە قايتقاندىمۇ ئىشىم بەك جىق.

ئالدى بىلەن ئۆيدە بىر كۈن يالغۇز قالغان ئىتىمغا تاماق بېرىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن دوستلىرىمدىن كەلگەن تېلېفون خاتىرىلىرىنى ئاڭلايمەن ۋە ئۇلارغا بىردىن ـ بىردىن تېلېفون قايتۇرىمەن. تۈنۈگۈن بىر كونا دوستۇم تېلېفون بەرگەنىكەن، ئىككىمىز ئۇزۇن يىللار كۆرۈشمىگەن ئىدۇق. ئۇ باشقا بىر شەھەرگە كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم، ئۇزاق سۆزلەشتۇق. ئۇ ھازىر تېكساستا تۇرىدىكەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈم ئۈچۈن تاماق قىلىمەن. تاماق يېگەندە بۈگۈنكى گېزىتنىڭ ئەتىگەن ئوقۇمىغان يەرلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە ئوقۇيمەن. تاماقتىن كېيىن ئۆزۈم ۋە ئىتىم تاماق يېگەن قاچىلارنى يۇيىمەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن كومپيۇتېردا بۈگۈن كەلگەن خەتلەرنى ئاچىمەن. دوستلىرىم ۋە تۇغقانلىرىمدىن كەلگەن خەتلەرگە جاۋاب يازىمەن. بۇرناكۈن ئاپامدىن بىر خەت كەلگەنىكەن، ئۇنىڭغا تېخى جاۋاب يازمىغانىدىم، بۈگۈن ئاپامغا خەت يېزىشىم كېرەك. ئاپام ئۆزى يالغۇز تۇرىدۇ. دادام ئىككى يىل بۇرۇن ۋاپات بولغانىدى.

بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن ئىشلىمىگەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەيمەن. تاپشۇرۇقلىرىم تۈگىگەندە يېرىم كېچە بولىدۇ.

نېمىدېگەن قىيىن تۇرمۇش بۇ ـ ھە!

## شىنجاڭغا بارغاندا ئۆگىنىسىز

— سىز شىنجاڭغا بارغانمۇ؟

— ياق، مەن شىنجاڭغا بارمىغان، بۇ يىل يازدا باراي دەيمەن. شىنجاڭغا بېرىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشىم كېرەك؟

— ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن جۇڭگو ئەلچىخانىسىدىن ۋىزا ئېلىشىڭىز كېرەك ـ تە.

بۇنى بىلىمەن. مېنىڭ سورىغىنىم، مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىنى بىلىشىم كېرەكمۇ؟

— ئۇيغۇر تىلىنى بىلسىڭىز ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ.

— مەن ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا بولتۇر بىر يىل ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگەنىدىم. ھازىر مەن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۇيغۇر تىلى كۇرسى يوق بولسا كېرەك.

— بۇ چوڭ ئىش ئەمەس، شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچراشقاندا بىلگىنىڭىزنى ئىشلىتىڭ، قالغىنىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىسىز.

— توغرا دەيسىز، شۇنداق قىلاي.

## Vocabulary

## سۆزلۈك

1. note, record, recorded note/voice; notebook, diary; souvenir; memory
2. to give/pay back; to return (*caus. of* – قايت " *to be back* ")
3. long, extended
4. city
5. long, extended, protracted
6. to converse; talk to each other (reciprocal of – سۆزلە)
7. slightly; carelessly; seldom; occasionally
8. cooking and/or eating utensil; dishes
9. letter; letter; mail
10. to open
11. the day before yesterday
12. to pass away, to die (used for a respected person)
13. night

    midnight
14. whaT a…, how…; very
15. difficult, hard
16. messenger; ambassador
17. embassy ( < ئەلچى " *messenger; ambassador* ")
18. visa
19. for example; e.g.; for instance
20. last year
21. to meet with; to greet (reciprocal of – ئۇچرا ' to run into ')
22. slow adj.; soft adj.; slowly adv., softly adv. (*not loud*); gradually adv.
23. slowly; gradually; step by step

خاتىرە

قايتۇر – (قايت – تۇر –)

ئۇزۇن

شەھەر

ئۇزاق

سۆزلەش – (سۆزلە – ش –)

ئانچە – مۇنچە

قاچا

خەت

ئاچ –

بۆرناكۈن

ۋاپات بول –

كېچە

يېرىم كېچە

نېمىدېگەن (< نېمە دېگەن)

قىيىن

ئەلچى

ئەلچىخانا (< ئەلچى + خانا)

ۋىزا

مەسىلەن

بۇلتۇر

ئۇچراش – (ئۇچرا – ش –)

ئاستا

ئاستا – ئاستا

## Crammar

## گىراماتىكا

**The Perfective Participle Suffix** – كەن + / – گەن + / – قان + / – غان +

**1. Application :**

The perfective participle suffix – كەن + / – گەن + / – قان + / – غان + can be applied to both the positive and negative stems of the verb. E.g :

| negative | positive |
|---|---|
| ئال – ما – غان = ئالمىغان | ئال – غان = ئالغان |
| باشلا – ما – غان = باشلىمىغان | باشلا – غان = باشلىغان |
| ئوقۇ – ما – غان = ئوقۇمىغان | ئوقۇ – غان = ئوقۇغان |
| باق – ما – غان = باقمىغان | باق – قان = باققان |

| | |
|---|---|
| كەل - گەن = كەلگەن | كەل - مە - گەن = كەلمىگەن |
| ئىشلە - گەن = ئىشلىگەن | ئىشلە - مە - گەن = ئىشلىمىگەن |
| يە - گەن = يېگەن | يە - مە - گەن = يېمىگەن |
| كەت - كەن = كەتكەن | كەت - مە - گەن = كەتمىگەن |
| ئىشلەت - كەت = ئىشلەتكەن | ئىشلەت - مە - گەن = ئىشلەتمىگەن |
| كۆت - كەت = كۆتكەن | كۆت - مە - گەن = كۆتمىگەن |

**2. Function :**

2.1 Nominal character

2.1.1 The verb in + غان - / + قان - / + گەن - / + كەن - perfective participle form obtains an attributive function, i. e, it can function as an adjec tie modifying the following nominal constituent in the phrase.

In English translation of such phrases, it generally would appear in the form of relative clause.

E.g. :

(سىز) يازغان كىتاب — *a/the book which was written (by you)*

(ئۈرۈمچىدىن) كەلگەن مېھمان — *a guest who has come (from Urumqi)*

(ھېچكىم) كۆرمىگەن جايلار — *the places which have not been seen (by anyone)*

2.1.2 When the modified nominal constituent is omitted, the verb in perfective participle + غان - / + قان - / + گەن - / + كەن - form may function as a noun. Therefore it must take the suffixes that were originally attached to the omitted noun. E.g. :

سىز ئالغان كىتابلارنى مەنمۇ ئالدىم. < سىز ئالغانلارنى مەنمۇ ئالدىم.

*I also bought what you bought.* < *I also bought the books that you bought.*

2.1.3 Because of its nominal feature, no verbal suffixes can be applied to the + غان - / + قان - / + گەن - / + كەن - participle form of the verb.

2.1.4 Thus, when the + غان - / + قان - / + گەن - / + كەن - participle is in the position of a nominal predicate, the particles ئىدى , ئىكەن , and ئىمىش can be applied to it. Modern Uighur orthographical rule allows these particles to be written attached to the participle forms of the verb. Compare the following examples :

ئۇ كەلدى. — He/she came.

ئۇ كەلگەن. — He/she has come.

ئۇ كەلگەن ئىدى = ئۇ كەلگەنىدى. — He/she was here/has been here.

ئۇ كەلگەن ئىكەن = ئۇ كەلگەنىكەن. — (As I learned) He/she has come.

ئۇ كەلگەن ئىمىش = ئۇ كەلگەنمىش. — (Doubtfully) He/she has come.

2.2 Verbal character

The verbal stem in the structure of perfective participle does preserve its verbal character. In the following examples, the verbs كۆر– and – بار in the forms كۆرگەن and بارمىغان function as verbs by requiring the objects كارىز and تۇرپان to occur in the accusative case as كارىزنى and in the dative case as تۇرپانغا respectively. E.g.:

*Have you seen karez?* سىز كارىزنى كۆرگەنمۇ؟

*I have not been in (lit: gone to) Turpan.* مەن تۇرپانغا بارمىغان.

2.3 The perfect aspect marker

The participle suffix + كەن / + گەن / – قان / + – غان + applied to a verbal stem expresses the perfect state of the action, i.e., that the action *has been* or *will be* completed at a certain point of time. For example:

سىلەر بارغان جايلار چىرايلىقمىكەن؟

*Were the places which you went/have been to beautiful?*

سىئاتلىغا بارغاندا ماڭا تېلېفون قىلىڭ.

*Call me when you arive to seattle.*

In the first sentence, the question is about the places at which one may already arrived, or to which one may have been. The second is a request about making a phone call upon completion of the "arriving"

## Exercises and Assignments

## مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

**1. Read and translate the phrases below into English:**

ئۇچراشقان دوستلار، سەن كۆرگەن شەھەرلەر، ئۇ ئوقۇغان كىتاب، مەن كۈتكەن ئادەم؛
بۇ خەتنى يازغان كىشى، چاينى قويغان يەڭگە، گۆشنى ئوغرىلىغان مۈشۈك، بىزنىڭ ئۆيىمىزگە
كەلگەن مېھمان، تۇرپاندىن قايتقان ئامېرىكىلىق، چاشقاندىن قورققان مۈشۈك؛
سەن ياخشى كۆرمىگەن بالا، ئوقۇغۇچىلار چۈشەنمىگەن سوئال، مەن قاتناشمىغان دەرس، تۈگىمە-
گەن گەپ، ئىشلەتمىگەن بېلەت، ئوقۇش پۇلىنى تۆلىمىگەن ئوقۇغۇچى.

**2. Read and translate the following interrogative sentences into English, then answer the questions in Uighur:**

1) بۇ يامان ئىتنى باققان ئادەم سىزنىڭ قوشنىڭىزمۇ؟
2) مەن ئۈزۈمگە قۇيغان چاينى كىم ئىچتى؟
3) بۇ كىتابنى يازغان ئادەمنى بىلەمسىز؟
4) سىلەر ئىككىڭلار بۇرۇن كۆرۈشكەنمۇ؟
5) سىز قاچان يولغا چىققان؟
6) سىزنىڭ دادىڭىز قاچان تۇغۇلغان ئىكەن؟
7) سىز ئۇيغۇر تىلىنى قەيەردە ئۆگەنگەن؟
8) مەن دېگەن گەپنى چۈشەندىڭىزمۇ؟
9) بۈگۈن سىز سىنىپقا كەلگەندە سىنىپتا كىم بار ئىكەن؟
10) سىز تۇرپاندىكى كارىزنى كۆرگەنمۇ؟

**3. Translate the following sentences into Uighur using the perfect participle :**

1) The book which I have read is a good book.
2) The person who wrote a letter to me is my old friend.
3) The woman who has just called is my mother.
4) The words that you have heard are not true.
5) Who is that man with whom you have spoken ?
6) Have you been in Turpan (lit.: Have you gone to Turpan)?
7) (I am told) that the boy who has just arrived is from Kashgar.
8) My mother did not like the shirt which I bought.
9) When my father died Iwas not born yet.
10) It was hot when I came to Turpan.

**4. Compose your own short story of not less then ten sentences using the perfect participle form as much as possible.**

**5. Read and translate the following short story with the help of your dictionary.**

### ئوغرى بىلەن پارىخور[1]

پارىخور: هەي ئوغرى، نېمىدېگەن يۈزى قېلىن ئادەم سەن ـ هە؟
ئوغرى: كەچۈرۈڭ، مېنىڭ يۈزۈم سىزنىڭكىدەك قېلىن ئەمەس.
پارىخور: بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
ئوغرى: مەن كىشىلەر كۆرمىگەندە ئوغرىلايمەن، سىزچۇ؟ سىز هەممە ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشكارا ئالىسىز ـ دە!

[1] This story is adapted from ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى (Uighur Reader), The Kashgar Uighur Publishing House, 2001, p. 111.

# Lesson Sixteen

# ئون ئالتىنچى دەرس

## ئۈرۈمچىدە

بېيجىڭدە بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتىنى سۈرۈشتۈردۈم. بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە ھەر كۈنى بىر قانچە ئايروپىلان ئۇچىدىكەن. ئەتىگەندە ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتىنى ئالدىم. ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقتىم. مەن ئولتۇرغان ئايروپىلان «بويىن – 737 » ئىكەن. تۆت سائەتتە ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىغا كەلدۇق. ئايرودرومدىن شەھەر ئىچىگە كىرىدىغان يول ناھايىتى ياخشى ئىكەن، يىگىرمە مىنۇتتا شەھەر مەركىزىدىكى بىر مېھمانخانىغا كەلدۇق.

مېھمانخانىدا مۇسۇلمانلار تاماق يەيدىغان ئايرىم رېستوران بار ئىكەن. چۈشتە شۇ رېستورانغا كىردىم. رېستوران ئۇيغۇر پاسونىدا چىرايلىق بېزەلگەن ئىكەن. مېھمان كۈتىدىغانلار ئۇيغۇر قىز – يىگىتلىرى ئىكەن.

چۈشتىن كېيىن تېلېفون ئارقىلىق ساياھەت قىلىدىغان جايلارنى سۈرۈشتۈردۈم، كۆرىدىغان جايلار جىق ئىكەن. ئالدى بىلەن بوغدا كۆلگە بارىدىغان بولدۇم.

ئۈرۈمچىدە ئۈچ كۈن تۇردۇم. نۇرغۇن ساياھەت ئورۇنلىرىغا باردىم. تۆتىنچى كۈنى غۇلجىغا بارىدىغان ئاپتوبۇستا سايرام كۆلى تەرەپكە يولغا چىقتىم.

## ساياھەت مەسلىھەتى

— يازدا نېمە قىلاي دەيسەن؟

— قىلىدىغان ئىشىم بەك جىق، ۋاقىت ئاز، نېمە قىلارىمنى بىلمەيمەن.

— بىللە خوتەنگە بارايلىمۇ؟

— خوتەندە قىلىدىغان نېمە ئىشىڭ بار؟

— خوتەندە قىلىدىغان ئالاھىدە ئىشىم يوق. مەن خوتەننى كۆرمىگەن. بىللە بارامسەن؟

— خوتەنگە مەنمۇ بارمىغان، مېنىڭمۇ شۇنداق بارغۇم بار، لېكىن مەن خوتەنگە كەتسەم بۇ ئىشلىرىمنى كىم قىلىدۇ؟

— مۇنداق قىلايلى، مەن قىلىدىغان ئىش بولسا ماڭا دە، قالغىنىنى ئۆزۈڭ قىل .....

— سەن ياردەم قىلىدىغان بولساڭ بۇ ئىشلىرىم 4 ــ 5 كۈندىلا تۈگەيدۇ ـ دە، سەن بىلەن خوتەنگە بارىمەن.

— بولدى، ئۇنداق بولسا كېلەر ھەپتە ماڭايلىمۇ؟

— شۇنداق قىلايلى.

— شۇنداق قىلايلى.

بىزنىڭ ئۆيىمىزگە كېلىدىغان مېهمان.

This sentence can be understood as : " *The guest who (possibly) will come to our home.* " Or as : " *The guest who comes (often) to our home.* "

3. Features :

3.1 Nominal character

3.1.1 The imperfective participles in -يدىغان+ / -ىدىغان+ and -ەر+ / -ار+ / -ر+ forms may also obtain an attributive function as the -كەن+ / گەن+ / -قان+ / -غان+ participles. That is to say, the imperfective participles may also function as adjectives modifying the following nominal constituents to in the noun - phrase. In English, such phrases would generally appear in the form of relative clause.

E.g. :

| | |
|---|---|
| *a/the guest (s) who will/would come* | كېلىدىغان مېهمان |
| *a/the guest (s) who will/would not come* | كەلمەيدىغان مېهمان |
| *a/the guest(s) who will/would (possibly) come* | كېلەر مېهمان |
| *a/the guest(s) who will/would (possibly) not come* | كەلمەس مېهمان |

3.1.2 When the modified noun is omitted, the imperfective -يدىغان+ / -ىدىغان+ and -ەر+ / -ار+ / -ر+ participles may also conditionally function as nouns (exactly like the -كەن+ / گەن+ / -قان+ / -غان+ participle). In this case they accept the suffixes that were originally attached to the omitted noun. E.g. :

ئوقۇمايدىغان كىتابلىرىڭىزنى ماڭا بېرەمسىز؟ > ئوقۇمايدىغانلىرىڭىزنى ماڭا بېرەمسىز؟

*Will you give me your books which you are not/will not be erading ?*
*> Will you give me those of yours which you are not/ will not be reading ?*

3.1.3 Due to their nominal feature, no verbal suffixes can be applied to the -يدىغان+ / -ىدىغان+ and -ەر+ / -ار+ / -ر+ participle forms of the verb.

3.1.4 When the -يدىغان+ / -ىدىغان+ and -ەر+ / -ار+ / -ر+ participles are in the position of a nominal predicate in the sentence, the particles ئىدى , ئىكەن , ئىمىش can also be applied to them, as they are applied to -كەن+ / -گەن+ / -قان+ / -غان+ perfect participle forms. Modern Uighur orthographical rules allow this particles to be written attached to the participle forms of the verb.

Compare the following examples :

| | |
|---|---|
| You will come. | كېلىسەن. |
| Will you come ? (I hope.) | كېلەرسەن؟ |
| Will you come ? (I believe you will come , aren't you ? ) | كېلىدىغانسەن؟ |
| You might come (then). | كېلەر ئىدىڭ (=كېلەرىدىڭ). |
| You would come (unquestionably). | كېلىدىغان ئىدىڭ (=كېلىدىغانىدىڭ). |
| (As I learned) you may come. | كېلەر ئىكەنسەن (=كېلەرىكەنسەن). |
| (Doubtfully) you might come. | كېلەر ئىمىشسەن (=كېلەرىمىشسەن). |

3.2 Verbal character

The verbal stem in the structure of these participles also preserves its verbal character. For example, in the following sentences: 1) the transitive verb قىل - in the participle form of - قىلىدىغان requires its direct object ئىش to occur in the accusative case form: ئىشنى; 2) the noun تۇرپان occurs in the dative case form تۇرپانغا, denoting the direction of the verb - بار.

| | |
|---|---|
| بۇ ئىشنى قىلىدىغان ئادەم بارمۇ؟ | *Is there any one who would do this work?* |
| مەنمۇ تۇرپانغا بارارمەن. | *I may also go Turpan.* |

## Exercises and Assignmerts مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

**1. Read and translate the phrases below into English:**

ئۆچرىشىدىغان دوستلار، بارىدىغان شەھەرلەر، ئوقۇيدىغان كىتاب؛
ئۆچراشمايدىغان دوستلار، بارمايدىغان شەھەرلەر، ئوقۇمايدىغان كىتاب؛

ياتار كىشى، كېلەر مېھمان، كېتەر ئادەم، تۇرار جاي؛
ماڭماس ماشىنا، كەتمەس مېھمان، هاۋشىماس ئىت، تۈگىمەس گەپ؛

سەن ياخشى كۆرمەيدىغان بالا، مەن قاتناشمايدىغان دەرس، بىز ئىشلەتمەيدىغان بىلەت،
ئوقۇغۇچىلار چۈشەنمەيدىغان سوئال، هېچكىم بىلەن ئارىلاشمايدىغان قىز؛
سۆزىدىن قايتماس يىگىت، گېپى تۈگىمەس ئادەم، چاشقان تۇتماس مۈشۈك، مۈشۈكتىن قورقماس چاشقان.

**2. Read and translate following sentences into English, then answer the questions in Uighur:**

1) مەن ئوقۇيدىغان مەكتەپ ئۆيىمىزگە يېقىن.
2) سىز كېلىدىغان كۈنى ماڭا تېلېفون قىلىڭ.
3) ئوقۇتقۇچۇم بىلەن تۇرپانغا بارىدىغان بولدۇم.
4) دوستۇم بۈگۈن كېلەرمۇ؟
5) يازلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتىدىغان بولدىڭىزمۇ؟
6) چاشقان تۇتمايدىغان مۈشۈكنى كىممۇ باقار؟!
7) ئۇنىڭ سورىمايدىغان سوئالى يوق.
8) مۇئەللىم ئەتە يېڭى سۆزلەردىن ئىمتىهان ئالارمۇ؟
9) ئۇ يەنە تۈگىمەس هېكايىسىنى باشلىدى. (هېكايە 'story')
10) ئۇنداق قىلسىڭىز ياخشى بولماس.

**3. Translate the following sentences into Uighur using the imperfect participle :**

1) Is there a man who knows this matter ?
2) Those, who were going to Turpan, left yesterday.
3) Theose, who will be going to Lake Sayram, will leave tomorrow.
4) It is time to return this book to the library.
5) I will not keep the cat what does not catch mice.
6) Is there any food (lit.: a food) that he may not eat ?
7) I have many things (work) to do this afternoon (today in the aftermoon).
8) There were many people on the bus which was going to Turpan.
9) On the day when I was leaving for Xin jiang my father gave me $1,000.
10) Will his bad dog bite me ?

**4. Compose 5 – 10 sentences in Uighur using positive and negative forms of the imperfective participle.**

**5. Read and translate the following short stories with the help of your dictionary.**

### ئۆزۈم ئېلىپ بېرەي [1]

ئۈرۈمچىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر ئوقۇغۇچى تۇرپاندىكى ئاتا ـ ئانىسىغا مۇنداق خەت يې-زىپتۇ:

— يېقىندا مەكتەپتە چۇفېن [2] يېگەن ئىدىم، ئۇنىڭغا تۆلەيدىغان پۇلۇم يوق، ماڭا دەرھال 100 كوي ئەۋەتىڭلار.

دادىسى ئوغلىغا 100 كوي پۇلنى ئەۋەتىپتۇ ۋە مۇنداق خەت يېزىپتۇ.

— بالام، چۇفېن بەك قىممەت ئىكەن، ئۇنى ئەمدى يېمە. چۇفېننى بەك يېگۈڭ كەلسە كېلەر ئايدا ئۈرۈمچىگە بارغىنىمدا ئۆزۈم ئېلىپ بېرەي.

### نېمىنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز؟ [3]

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان بىر بالا موللا باقىدىن [4] سورايدىكەن:
— موللا باقى ئاكا، دۇنيادا نېمىنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز؟
— ئېشىكىمنى.
— نېمە ئۈچۈن؟
— چۈنكى ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدۇ ـ دە!

**6. Write a short story in Uighur about oneo your journeys applying the perfective and imperfective participle forms as possible.**

---

[1] This story is adopted from «ئۆزۈم ئېلىپ بېرەي»، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى (Uighur Reader), The Kashgar Uighur Publishing House, 2001,p.130.
[2] The student who wrote this letter to his parents, applied a word 处分 [chǔ fèn] in Chinese, which means 'disciplinary punishment' Apparently, his parents do not know Chinese, or at least they did not know the word, and took it for something eatable. check the entry جازا on your Uiglur–Ergighur English Dictionary.
[3] This story is adapteadapted from ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى (*Uighur Reader*), The Kashgar Uighur Publishing House, 2001, p.68.
[4] Name of a legendary wise man.

# Lesson Seventeen

# ئون يەتتىنچى دەرس

## يامغۇرلۇق كېچىدە

بۈگۈن جۈمە. تالادا يامغۇر قاتتىق يېغىۋاتىدۇ، بوران چىقىۋاتىدۇ، كوچىغا چىقىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا قىلىدىغان ئىش يوق، ئادەتتە تېلېۋىزور كۆرمەيدىغان ئاپام ئەنە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىدۇ. دادام بولسا ئادەتتىكىدەك كۈتۈپخانىسىدا كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ. ھەدەم تېخى ئىشخانىسىدا ئىكەن. بايا مەن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلغان ئىدىم، «بوران بەك قاتتىق چىقىۋاتىدۇ، كىچىككىنە پەسەيسە بارىمەن» – دەيدۇ. ئۆكام ئۆزىنىڭ ياتىقىدا. ئۇ ھەر جۈمە كۈنى كەچتە قىلىدىغان ئىشىنى قىلىۋاتىدۇ، تېلېفوندا دوستلىرى بىلەن قىزلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتىدۇ. مەنچۇ؟ مەۋسۇم ئاخىرلىشىۋاتىدۇ، ئىمتىھانلار يېقىنلىشىۋاتىدۇ، ئىمتىھانلارغا تەييارلىق قىلىشىم كېرەك. لېكىن ھازىر دەرس تەييارلىماي ياتىقىمدا ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان قىز دوستۇمغا خەت يېزىۋاتىمەن. ھەي، بۇنى ھېچكىمگە دېمەڭ، جۇمۇ!

## كىم نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— ئوغلۇم، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟
— تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىمەن، دادا.
— تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلىدىڭمۇ؟
— بۈگۈن مەكتەپكە بارمىدىم.
— نېمە ئۈچۈن؟
— بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ.
— بېشىڭ ئاغرىۋاتقان بولسا يەنە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىسەنغۇ؟
— بايا ئاپام دورا بەرگەن ئىدى، ھازىر ئانچە ئاغرىمىدى.
— ئاپاڭ قېنى؟
— ئاشخانىدا تاماق قىلىۋاتىدۇ.
— ئۇكاڭ مەكتەپتىن كەلدىمۇ؟
— ھەئە، ئۆزىنىڭ ياتىقىدا تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەۋاتىدۇ.
— ھەدەڭچۇ؟
— ئاشخانىدا ئاپامغا ياردەملىشىۋاتىدۇ.

— بوۋاڭ نەگە كەتتى؟

— بوۋام قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە شاھمات ئويناۋاتسا كېرەك.

— قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىل، بوۋاڭ ئۆيگە چىقسۇن. «دادامنىڭ سىزگە مۇھىم گېپى بار ئىكەن» — دە (بالا تېلېفوننى ئالىدۇ).

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! بوۋام شۇ يەردىمۇ؟ ...... بوۋا، دادام سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ.

— داداڭنىڭ مەندە ئىشى بولسا ئۆزى مۇشۇ يەرگە چىقسۇن.

— دادا، بوۋام سىزنى چىقسۇن دەيدۇ.

— ھەي، مۇشۇ بوۋاڭنى قانداق قىلارمەن - ھە؟! سەكسەن ياشقا كىرەي دېدى، كىچىك بالىدەك ئو-يۇنغا تويمايدۇ.

## Vocabulary — سۆزلۈك

| | |
|---|---|
| 1. rain | يامغۇر |
| rainy night | يامغۇرلۇق كېچە |
| 2. outside (of the house) | تالا |
| 3. hard; solid; heavy; severe; cruel, merciless. (>+1y) | قاتتىق |
| 4. to fall (of rain, snow, etc.) | ياغ - |
| to rain | يامغۇر ياغ - |
| 5. storm; gale | بوران |
| blow of a gale | بوران چىق - |
| 6. street | كوچا |
| 7. possible, maybe | مۇمكىن |
| 8. habit, custom | ئادەت |
| 9. normally, usually, ordinarily | ئادەتتە |
| 10. as usual | ئادەتتىكىدەك |
| 11. shortly before, not long ago | بايا |
| 12. low | پەس |
| 13. to descend, drop; to become less | پەسەي - (<پەس+ ەي -) |
| 14. each; every | ھەر |
| 15. gossip | غەيۋەت |
| to gossip (about) | غەيۋەت قىل - |
| 16. season; Semester (Quarter) | مەۋسۇم |
| 17. to come to the end; to be ended (< ئاخىر "end") | ئاخىرلاش - (ئاخىر+لاش-) |
| 18. to come close (< يېقىن "close, near") | يېقىنلاش - (يېقىن+ لاش -) |
| 19. Okay? All right? | جۇمۇ؟ |
| 20. head | باش |
| 21. to be painful, to hurt; to be sick | ئاغرى - |
| 22. medicine, drug; spices | دورا |

23. not very, not quite so
24. where (at) ئانچە
25. to help (< ياردەم "help") قېنى
26. where (to) ياردەملەش - (ياردەم+ لەش -)
27. important نەگە = قەيەرگە
28. to have something to say مۇھىم
29. to call; to invite گېپى بار -
30. what to do (with) چاقىر -
31. to be full; to have enough; to hate قانداق قىل -
to have enough of playing توي -
ئويۇنغا توي -

## Grammar گرامماتىكا

### 1. Present Continuous Aspect

The present continuous aspect denotes that the action is in the continuation process during the time of speech. The continuous state of the action is expressed by application of the suffix - ۋات -/ - ىۋات - / - ۇۋات -/ - ۈۋات - to the verbal stem.

1.1 Positive Present Continuous

1.1.1 The positive present continuous form of the verb denotes that the action is in process at the time of speech. It may also refer to the continuation of a habitual action. For example.

ئويناۋاتمەن.

*I am playing. (i.e.: I am playing now/I am always playing.)*

ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىۋاتىمەن.

*I am studying Uighur.*

ئۇلار كۆڭۈللۈك ياشاۋاتىدۇ.

*They are living happily (ever since).*

1.1.2 The positive present continuous form of the verb is composed by applying the continuous aspect marker - ۋات - / - ىۋات - / - ۇۋات -/ - ۈۋات -, then the future tense suffix and personal ending, to the positive stem of the verb.

See the following chart of positive present continuous forms of the verb:

| stem ended in a vowel1* | stem ended in a consonant preceded by : an un – rounded vowel | a rounded back vowel | a rounded front vowel | conditions |
|---|---|---|---|---|
| ئوينا ـ ۋات ـ ى ـ | قاتناش ـ ىۋات ـ ى ـ | تۆر ـ ۇۋات ـ ى ـ | كۆر ـ ۈۋات ـ ى ـ | |
| ئويناۋاتىمەن | قاتنىشىۋاتىمەن | تۆرۈۋاتىمەن | كۆرۈۋاتىمەن | مەن |
| ئويناۋاتىمىز | قاتنىشىۋاتىمىز | تۆرۈۋاتىمىز | كۆرۈۋاتىمىز | بىز |
| ئويناۋاتىسەن | قاتنىشىۋاتىسەن | تۆرۈۋاتىسەن | كۆرۈۋاتىسەن | سەن |
| ئويناۋاتىسىز | قاتنىشىۋاتىسىز | تۆرۈۋاتىسىز | كۆرۈۋاتىسىز | سىز |
| ئويناۋاتىسىلەر | قاتنىشىۋاتىسىلەر | تۆرۈۋاتىسىلەر | كۆرۈۋاتىسىلەر | سىلەر |
| ئويناۋاتىدۇ | قاتنىشىۋاتىدۇ | تۆرۈۋاتىدۇ | كۆرۈۋاتىدۇ | ئۇ / ئۇلار |

**Note** : When ـ ۋات ـ / ـ ىۋات ـ /ـ ۇۋات ـ / ـ ۈۋات ـ is directly attached to the stem which ends in the vowels ئا and ئە , the ئا / ئە < ئې / ئى rule does not apply. Compare :

ئوينا ـ ۋاتىمەن = ئويناۋاتىمەن؛ ئىزدە ـ ۋاتىمەن = ئىزدەۋاتىمەن؛

ئال ـ ىۋاتىمەن = ئېلىۋاتىمەن؛ بەر ـ ىۋاتىمەن = بېرىۋاتىمەن.

1.2 Negative Present Continuous

Negative forms of present continuous is composed by applying the negatvie suffix ـ مە ـ / ـ ما ـ before or after the continuous aspect marker ـ ۋات° ـ .

1.2.1 When the negative suffix ـ مە ـ / ـ ما ـ is applied before the continuous aspect marker ـ ۋات° ـ , i.e. directly to the stem , the continuous aspect marker occurs in the form of ـ يۋات ـ . See the chart below :

| person | كۆر ـ مە ـ يۋات ـ ى ـ | تۆر ـ ما ـ يۋات ـ ى ـ | قاتناش ـ ما ـ يۋات ـ ى ـ | ئوينا ـ ما ـ يۋات ـ ى ـ |
|---|---|---|---|---|
| مەن | كۆرمەيۋاتىمەن | تۆرمايۋاتىمەن | قاتناشمايۋاتىمەن | ئوينىمايۋاتىمەن |
| بىز | كۆرمەيۋاتىمىز | تۆرمايۋاتىمىز | قاتناشمايۋاتىمىز | ئوينىمايۋاتىمىز |
| سەن | كۆرمەيۋاتىسەن | تۆرمايۋاتىسەن | قاتناشمايۋاتىسەن | ئوينىمايۋاتىسەن |
| سىز | كۆرمەيۋاتىسىز | تۆرمايۋاتىسىز | قاتناشمايۋاتىسىز | ئوينىمايۋاتىسىز |
| سىلەر | كۆرمەيۋاتىسىلەر | تۆرمايۋاتىسىلەر | قاتناشمايۋاتىسىلەر | ئوينىمايۋاتىسىلەر |
| ئۇ/ئۇلار | كۆرمەيۋاتىدۇ | تۆرمايۋاتىدۇ | قاتناشمايۋاتىدۇ | ئوينىمايۋاتىدۇ |

In such position, the negative suffix negates only the action itself, but not the process of the action. E·g.:

ئىككى ئاي بولدى، يامغۇر ياغمايۋاتىدۇ.

*It has not been raining for two months.*

1.2.2 The negative suffix ـ ما ـ can also be applied after the continues aspect marker ـ ۋۇات ـ/ـ ۋۇات ـ/ـ ئۇات ـ/ـ ۋات ـ. See the chart below :

| person | كۆر ـ ۋۇات ـ ما ـ ى ـ | تۇر ـ ۋۇات ـ ما ـ ى ـ | قاتناش ـ ئۇات ـ ما ـ ى ـ | ئوينا ـ ۋات ـ ما ـ ى ـ |
|---|---|---|---|---|
| مەن | كۆرۈۋاتمايمەن | تۇرۇۋاتمايمەن | قاتنىشىۋاتمايمەن | ئويناۋاتمايمەن |
| بىز | كۆرۈۋاتمايمىز | تۇرۇۋاتمايمىز | قاتنىشىۋاتمايمىز | ئويناۋاتمايمىز |
| سەن | كۆرۈۋاتمايسەن | تۇرۇۋاتمايسەن | قاتنىشىۋاتمايسەن | ئويناۋاتمايسەن |
| سىز | كۆرۈۋاتمايسىز | تۇرۇۋاتمايسىز | قاتنىشىۋاتمايسىز | ئويناۋاتمايسىز |
| سىلەر | كۆرۈۋاتمايسىلەر | تۇرۇۋاتمايسىلەر | قاتنىشىۋاتمايسىلەر | ئويناۋاتمايسىلەر |
| ئۇ/ئۇلار | كۆرۈۋاتمايدۇ | تۇرۇۋاتمايدۇ | قاتنىشىۋاتمايدۇ | ئويناۋاتمايدۇ |

In this position, the negative suffix negates not only the action, but also the duration of the action, i.e., the entire process of the action. E.g. :

تالادا يامغۇر يېغىۋاتمايدۇ، قار يېغىۋاتىدۇ.

*It is not raining outside, it is snowing.*

### 1.3 Some Complex Continuous Forms

1.3.1 The perfect participle suffix ـ غان/ـ قان/ ـ گەن/ ـ كە ـ can be applied to the positive/negative continuous aspect forms of the verb. Such form of the verb may function as any other perfective participle form of the verb. (See Lesson 15.) E.g. :

سىز ئوقۇۋاتقان كىتابنى كىم يازغان؟

*Who wrote the book which you are reading ?*

قەشقەرگە كېتىۋاتقاندا نۇرغۇن جايلارنى كۆردۈم.

*I saw many places while I was going to Kashgar.*

بۇلتۇر بۇ ۋاقىتتا ئىشلەمەيۋاتقان ئىدىم.

I was not working at this time last year.

1.3.2 The conditional mood suffix سا_/ سە_ can also be applied to the positive/negative continuous aspect forms of the verb.

كۆزۈم ھېچنېمىنى كۆرمەيۋاتسا، قانداق قىلىمەن.

*What can I do if I cannot see anything (lit.: my eyes are not seeing)?*

سىزنى ئىت قوغلاۋاتمىسا، نېمىدىن قورقىسىز؟

*What are you afraid of, since there is no dog is chasing you?*

**2. Derivational Suffix** ي_ +/ اي_ +/ ەي_ +

Derivational Suffix ي_ +/ اي_ +/ ەي_ +derives verb from nominal stems. E.g.:

پەس " low " + ەي_ > پەسەي_ " to descend "

ئاز " few " + اي_ > ئازاي_ " to decrease "

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

**1. Compose the positive and negative present – continuous forms of the given verbs:**

پەسەي_، يېقىنلاش_، چاقىر_، توي_، ئىشلە_، كۆت_، قوغلا_.

*Example:*

ياز_:

يېزىۋاتىمەن، يېزىۋاتىمىز، يېزىۋاتىسەن، يېزىۋاتىسىز، يېزىۋاتىسىلەر، يېزىۋاتىدۇ؛
يازمايۋاتىمەن، يازمايۋاتىمىز، يازمايۋاتىسەن، يازمايۋاتىسىز، يازمايۋاتىسىلەر، يازمايۋاتىدۇ؛
يېزىۋاتمايمەن، يېزىۋاتمايمىز، يېزىۋاتمايسەن، يېزىۋاتمايسىز، يېزىۋاتمايسىلەر، يېزىۋاتمايدۇ.

## 2. Read and translate the following sentences into English.

1) ئۇ كېتىۋاتمايۋاتىدۇ، كېلىۋاتىدۇ.
يېرىم كېچە بولدى، مېھمان كەتمەيۋاتىدۇ.
2) بىر سائەت بولدى، ئاپتوبۇس كەلمەيۋاتىدۇ.
ئۇ كېلىۋاتمايدۇ، كېتىۋاتىدۇ.
3) ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە ھەر كۈنى كېلىۋاتمايدۇ، بىر ھەپتىدە بىرلا قېتىم كېلىدۇ.
ئۈچ كۈن بولدى، ئۇ مەكتەپكە كەلمەيۋاتىدۇ.
4) ئۇ ئادەم مېڭىۋاتامدۇ_ماڭمايۋاتامدۇ؟
كۆزۈڭ كۆرەمدۇ؟ ئۇ ئادەم مېڭىۋاتمايدۇ، تۇرىدۇ.
5) سىرتلدا ھاۋا ئىسسىق، يامغۇر ياغمايۋاتىدۇ.
تالادا يامغۇر يېغىۋاتمايدۇ، مۆلدۈر (hail) يېغىۋاتىدۇ.

**3. Translate the following sentences into Uighur:**

1) I am cleaning my house every Friday.
   You are not cleaning your house every Friday.
2) She is speaking in Uighur (*lit.: in Uighur language*).
   I am not speaking in Uighur.
3) It is raining a lot in Seattle ( سىئاتل ).
   It is not raining a lot in Seattle.
4) We are going to Kashgar.
   They are not going to Kashgar.
5) Our dog is barking.
   His black cat is not stealing milk.

**4. Compose 5–10 sentences in Uighur using all positive and negative forms of present-continuous.**

**5. Read and translate the following short story with the help of your dictionary.**

لوندونغا كېتىۋاتقان پويىزدا① .......

خىزمىتى يوق بىر ئادەم خىزمەت تېپىش ئۈچۈن لوندونغا كېتىۋاتقان پويىزغا چىقىدىكەن. ئۇنىڭ يانچۇقىدا بىر تىيىنمۇ پۇلى يوق بولغاچقا، كوندۇكتور باشقا ئادەملەرنىڭ بېلىتىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا پويىزغا يوشۇرۇن چىققان ئىكەن.

پويىز يېرىم يولغا كەلگەندە بىر ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدىكەن – دە:

– پۇل كېرەكمۇ، جان كېرەكمۇ؟ پۇلۇڭنى چىقار! – دەيدىكەن.

– كەچۈرۈڭ، مېنىڭ بىر تىيىنمۇ پۇلۇم يوق.

– پۇلۇڭ يوق ئادەم نېمە ئۈچۈن تىترەيسەن؟

– سىزنى بېلەت تەكشۈرۈۋاتقان كوندۇكتور دەپ قاپتىمەن.

6. Write a short story applying the present-continuous forms of the verb.

---

① This story is adapted from «بېلەت تەكشۈرۈش»، «ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى» (*Uighur Reader*), The Kashgar Uighur Publishing House, 2001, p. 22.

② دەپ قاپتىمەن – 'I thought that......../I took....for.....'

# Lesson Eighteen

# ئون سەككىزىنچى دەرس

## جۇدۇن

مەن چۆچەككە بارغاندا كۈز كىرگەن ئىدى. دەسلەپكى كۈنلەردە ھاۋا ناھايىتى ياخشى ئىدى. لېكىن بىر كۈنى ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگەردى. قار ياغدى، قاتتىق شىۋىرغان چىقتى. پۈتۈن جاھاننى جۇدۇن قاپلىدى. ئىشىك ئالدىغا بارسام، كوچىغا چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى سەھەردە «قار يېغىۋاتامدۇ – ياغمايۋاتامدۇ؟ شىۋىرغان چىقىۋاتامدۇ – چىقمايۋاتامدۇ؟» دەپ دېرىزىدىن تالاغا قارايمەن، چۈنكى 1 – ئۆكتەبىردىن بۇرۇن ئۈرۈمچىگە قايتىشىم كېرەك ئىدى.

بىر ھەپتە قاتتىق جۇدۇن بولغاندىن كېيىن، سەككىزىنچى كۈنى ھاۋا بىر ئاز ئېچىلىشقا باشلىدى. ئاپتوبۇس بېكىتىگە تېلېفون قىلدىم، ئاپتوبۇس ماڭمايۋاتقان ئىكەن. يەنە ئىككى – ئۈچ كۈندىن كېيىن يوللار ئېچىلسا مېڭىشى مۇمكىن ئىكەن. ئايروپىلان ئۇچۇۋاتامدۇ دەپ ئايرودرومغا تېلېفون قىلدىم. خۇداغا شۈكۈر، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر ئايروپىلان ئۇچىدىكەن.

چۈشكە يېقىن ھاۋا ئېچىلدى. مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ھاۋا بىلەن تەڭ ئېچىلغاندەك بولدى.

## گېپىمنى چۈشەنمەيۋاتىسەن

— سەن ھەر كۈنى گېزىت ئوقۇۋاتامسەن؟

— ياق، گېزىت ئوقۇيدىغان ۋاقتىم يوق.

— يېڭى خەۋەرلەرنى قەيەردىن ئېلىۋاتىسەن؟

— ساڭا دېدىمغۇ، ئوقۇيدىغان كىتابلىرىم جىق، ئۇزاق بولدى گېزىت ئوقۇمايۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىسەنغۇ؟

— مەن خەۋەرلەرنى كۆرۈۋاتمايمەن. تېلېۋىزوردا مەن ئوقۇۋاتقان بىر كىتابنىڭ ئاپتورىنى تونۇشتۇرۇۋاتىدۇ، شۇنى كۆرۈۋاتىمەن.

— خەۋەر كۆرەيلىچۇ؟

— گېپىمنى چۈشەنمەيۋاتىسەن – ھە؟ مە، نېمە قىلساڭ قىل!

## Vocabulary

## سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| 1 | snow – storm | جۇدۇن |
| 2 | a city on the north – west of Xinjiang | چۆچەك |
| 3 | the very beginning; first; at first | دەسلەپ |
| 4 | weather; air | ھاۋا |
| 5 | suddenly , unexpectedly (< تۇي – " *to sense* " ) | تۇيۇقسىز (تۇي – ۇق +سىز) |
| 6 | to change; to alter | ئۆزگەر – |

7. snow قار

to snow قار ياغ ـ

8. blizzard; snowstorm شۋۇرغان

9. world; universe جاھان

10. to cover; to fill (< قاپ "sack, bag; cover") قاپلا ـ (قاپ + لا ـ)

11. front; before ئالد

12. to look (at) قارا ـ

13. a little, a bit بىرئاز

14. to be opened (passive of ئاچ 'to open' ئېچىل ـ (ئاچ ـ ىل ـ)

15. station (bus station); (bus) stop بېكەت

16. Thanks to God خۇداغا شۈكۈر!

17. equal; same; together تەڭ

18. news; information خەۋەر

19. author ئاپتور

20. to introduce (causative of تونۇش ـ "to know") تونۇشتۇر ـ (تونۇش ـ تۇر ـ)

21. onomatopoeic: here you are مە ـ

## Grammar گرامماتىكا

### 1. Interrogative Forms of Present Continuous Aspect

#### 1.1 Interrogative Form of the Positive Present Continuous

The composition of the positive present continuous interrogative forms is the same as that of the future tense of the verb (see Lesson Nine). That is, the interrogative particle مۇ– occurs between the personal ending and the future tense suffix in –م– form; the future tense suffix takes the form of – ا –; the 1st person singular personal ending occurs in دىمەن– form and the plural in دىمىز –form; the interrogati interrogativee particle مۇ – may also occur in the final position in 1st person.

| ئوينا ـ ۋات ـ ا ـ م | ئىچ ـ ىۋات ـ ا ـ م ـ | تۇر ـ ۇۋات ـ ا ـ م ـ | كۆر ـ ۈۋات ـ ا ـ م ـ | person |
|---|---|---|---|---|
| ئويناۋاتامدىمەن (ئويناۋاتىمەنمۇ) | ئىچىۋاتامدىمەن (ئىچىۋاتىمەنمۇ) | تۇرۇۋاتامدىمەن (تۇرۇۋاتىمەنمۇ) | كۆرۈۋاتامدىمەن (كۆرۈۋاتىمەنمۇ) | مەن |
| ئويناۋاتامدىمىز (ئويناۋاتىمىزمۇ) | ئىچىۋاتامدىمىز (ئىچىۋاتىمىزمۇ) | تۇرۇۋاتامدىمىز (تۇرۇۋاتىمىزمۇ) | كۆرۈۋاتامدىمىز (كۆرۈۋاتىمىزمۇ) | بىز |
| ئويناۋاتامسەن | ئىچىۋاتامسەن | تۇرۇۋاتامسەن | كۆرۈۋاتامسەن | سەن |
| ئويناۋاتامسىز | ئىچىۋاتامسىز | تۇرۇۋاتامسىز | كۆرۈۋاتامسىز | سىز |
| ئويناۋاتامسىلەر | ئىچىۋاتامسىلەر | تۇرۇۋاتامسىلەر | كۆرۈۋاتامسىلەر | سىلەر |
| ئويناۋاتامدۇ | ئىچىۋاتامدۇ | تۇرۇۋاتامدۇ | كۆرۈۋاتامدۇ | ئۇ/ئۇلار |

## 1.2 Interrogative Form of the Negative Present Continuous

The application of the interrogative particle to the negative present continuous form of the verb is the same as its application to the positive present continuous form, regardless the position of the negative suffix ـ ما ـ / ـ مە ـ, However, the tense suffix ـاـ will merge with the vowel ـاـ of the negative suffix ـ ما ـ when the latter is applied after the continuous aspect marker ـ ۋات$^0$ ـ. Compare the charts below :

Negative suffix ـ ما ـ / ـ مە ـ precedes the continuous aspect marker ـ ۋات$^0$ ـ :

| ئوينا ـ ماي ـ ۋات ـ ا ـ م ـ | ئىچ ـ مەي ـ ۋات ـ ا ـ م ـ | تۇر ـ ماي ـ ۋات ـ ا ـ م ـ | كۆر ـ مەي ـ ۋات ـ ا ـ م ـ | person |
|---|---|---|---|---|
| ئوينامايۋاتامدىمەن (ئوينامايۋاتىمەنمۇ) | ئىچمەيۋاتامدىمەن (ئىچمەيۋاتىمەنمۇ) | تۇرمايۋاتامدىمەن (تۇرمايۋاتىمەنمۇ) | كۆرمەيۋاتامدىمەن (كۆرمەيۋاتىمەنمۇ) | مەن |
| ئوينامايۋاتامدىمىز (ئوينامايۋاتىمىزمۇ) | ئىچمەيۋاتامدىمىز (ئىچمەيۋاتىمىزمۇ) | تۇرمايۋاتامدىمىز (تۇرمايۋاتىمىزمۇ) | كۆرمەيۋاتامدىمىز (كۆرمەيۋاتىمىزمۇ) | بىز |
| ئوينامايۋاتامسەن | ئىچمەيۋاتامسەن | تۇرمايۋاتامسەن | كۆرمەيۋاتامسەن | سەن |
| ئوينامايۋاتامسىز | ئىچمەيۋاتامسىز | تۇرمايۋاتامسىز | كۆرمەيۋاتامسىز | سىز |
| ئوينامايۋاتامسىلەر | ئىچمەيۋاتامسىلەر | تۇرمايۋاتامسىلەر | كۆرمەيۋاتامسىلەر | سىلەر |
| ئوينامايۋاتامدۇ | ئىچمەيۋاتامدۇ | تۇرمايۋاتامدۇ | كۆرمەيۋاتامدۇ | ئۇ/ئۇلار |

Negative suffix ـ ما ـ / ـ مە ـ follows the continuous aspect marker ـ ۋات$^0$ ـ :

| ئوينا ـ ۋات ـ ما ـ (ا ـ) م ـ | ئىچ ـ ىۋات ـ ما ـ (ا ـ) م ـ | تۇر ـ ۇۋات ـ ما ـ (ا ـ) م ـ | كۆر ـ ۈۋات ـ ما ـ (ا ـ) م ـ | person |
|---|---|---|---|---|
| ئويناۋاتامدىمەن (ئويناۋاتمايمەنمۇ) | ئىچىۋاتامدىمەن (ئىچىۋاتمايمەنمۇ) | تۇرۇۋاتامدىمەن (تۇرۇۋاتمايمەنمۇ) | كۆرۈۋاتامدىمەن (كۆرۈۋاتمايمەنمۇ) | مەن |
| ئويناۋاتامدىمىز (ئويناۋاتمايمىزمۇ) | ئىچىۋاتامدىمىز (ئىچىۋاتمايمىزمۇ) | تۇرۇۋاتامدىمىز (تۇرۇۋاتمايمىزمۇ) | كۆرۈۋاتامدىمىز (كۆرۈۋاتمايمىزمۇ) | بىز |
| ئويناۋاتامسەن | ئىچىۋاتامسەن | تۇرۇۋاتامسەن | كۆرۈۋاتامسەن | سەن |
| ئويناۋاتامسىز | ئىچىۋاتامسىز | تۇرۇۋاتامسىز | كۆرۈۋاتامسىز | سىز |
| ئويناۋاتامسىلەر | ئىچىۋاتامسىلەر | تۇرۇۋاتامسىلەر | كۆرۈۋاتامسىلەر | سىلەر |
| ئويناۋاتامدۇ | ئىچىۋاتامدۇ | تۇرۇۋاتامدۇ | كۆرۈۋاتامدۇ | ئۇ/ئۇلار |

**2. Derivational Suffix** +سىز

The derivational suffix +سىز derives adjectives from noun stems. Its function is similar to that of suffix "*-less*" in English. E.g.:

بىلىم "knowledge" +سىز > بىلىمسىز "ignorant"

**3. Usage of** دەپ

دەپ is a converbial form of the verb -دە "to say". As it is used in the texts of this lesson, it functions as the quotation marker after direct and indirect quotations. It is normally separated from the quoted word or sentence by a "–"

«قار يېغىۋاتامدۇ – ياغمايۋاتامدۇ؟» دەپ دېرىزىدىن تالاغا قارىدىم.

I looked through the window to find out whether it was snowing or not.

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

**1. Compose present continuous interrogative forms of the verbs given below:**

قارا – ، چىق – ، تونۇشتۇر – ، ئۆزگەر – ، ئۇچ – ، باشلا – ، ئۆت –.

Example of ياز – :

*Positive:*

يېزىۋاتامدىمەن (يېزىۋاتىمەنمۇ)، يېزىۋاتامدىمىز (يېزىۋاتىمىزمۇ)، يېزىۋاتامسەن، يېزىۋاتامسىز، يېزىۋاتامسىلەر، يېزىۋاتامدۇ؛

*Negative 1:*

يازمايۋاتامدىمەن (يازمايۋاتىمەنمۇ)، يازمايۋاتامدىمىز (يازمايۋاتىمىزمۇ)، يازمايۋاتامسەن، يازمايۋاتامسىز، يازمايۋاتامسىلەر، يازمايۋاتامدۇ؛

*Negative 2:*

يېزىۋاتمامدىمەن (يېزىۋاتمايمەنمۇ)، يېزىۋاتمامدىمىز (يېزىۋاتمايمىزمۇ)، يېزىۋاتمامسەن، يېزىۋاتمامسىز، يېزىۋاتمامسىلەر، يېزىۋاتمامدۇ.

**2. Read and translate the following dialogues into English.**

1) — سىلەر شاھمات ئويناۋاتامسىلەر؟

— ياق، بىز شاھمات ئويناۋاتمايمىز، پاراڭلىشىۋاتىمىز.

— سەن ھازىر بۇرۇنقىدەك شاھمات ئويناۋاتامسەن؟

— ياق، هازىر شاھمات ئويناۋاتقان ۋاقتىم يوق، ئوينىمايۋاتىمەن.

2) — سىز تېلېۋىزور كۆرۈۋاتامسىز؟
— ھەئە، تېلېۋىزور خەۋەرلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن.

— سىز تېلېۋىزور كۆرمەيۋاتامسىز؟
— ھەئە، بۇ كۈنلەردە ئىشىم بەك جىق، تېلېۋىزور كۆرمەيۋاتىمەن.

— ئاۋۇ بالا تېلېۋىزور كۆرۈۋاتامدۇ؟
— ياق، ئۇ بالا تېلېۋىزور كۆرۈۋاتمايدۇ، كومپيۇتېر ئويۇنى ئويناۋاتىدۇ.

3) — تالادا قار يېغىۋاتامدۇ؟
— ھەئە، تالادا قار يېغىۋاتمايدۇ، يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.
— سىئاتلدا يامغۇر ياغمايۋاتامدۇ؟
— ھەئە، ئۈچ ھەپتە بولدى، يامغۇر ياغمايۋاتىدۇ.

4) — مېھمانلارغا چاي قويۇۋاتامسىز؟
— ھەئە، قۇيۇۋاتىمەن.

— مېھمانلارغا چاي قۇيمايۋاتامسىز؟
— مېھمانلارغا چاي قۇيمايۋاتىمەن، چۈنكى ئۇلار قېتىق ئىچىۋاتىدۇ.

— مېھمانلارغا چاي قۇيۇۋاتامسىز؟
— ھەئە، مېھمانلارغا چاي قۇيۇۋاتمايمەن، قېتىق قۇيۇۋاتىمەن.

3. Translate the following sentences into Uighur.

1) Am I not cleaning our house every Friday?
Is my sister cleaning the entire house?
Is she not cleaning only my room?
2) Is he not speaking in Uighr (language) now?
Is he not speaking in Uighur anymore?
He is not speaking in uighur, he is speaking in English.
3) Are you introducing yourself?
Aren't you introducing yourself?
Are you not introducing yourself?
4) Aren'twe going to Kashgar?
Aren't the guests leaving?

4. Read and translate the following sentences into English:

1) مەن دوستۇمنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتسام، ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىۋاتقان ئىكەن.
2) يامغۇر يېغىۋاتسا تالادا نېمە قىلىۋاتىسەن، بالام؟
3) ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايۋاتسا قانداق قىلىمەن؟
4) سېنى ئىت قوغلاۋاتمىسا، نېمىدىن قورقىسەن؟
5) سەن چۈشەنمەيۋاتقان سوئال نېمە؟
6) ئوقۇمايۋاتقان كىتابلىرىڭنى ماڭا بېرەمسەن؟
7) ئاۋۇ كېلىۋاتقان ماشىنا سېنىڭ ماشىناڭغا ئوخشامدۇ؟
8) مەن ئۇخلاۋاتقاندا ئۆيگە بىرى كىردى.
9) ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىۋاتقىنىمغا بىر يىل بولدى.
10) ئىشخانىدىن كەچ چىقتىم. ئۆيدىكىلەر مېنى كەچلىك تاماققا كۈتۈۋاتامدىغاندۇ؟

5. Compose 5-10 Uighur sentences using the present continuous interrogative in both positive and negative-orms.

6. Write a short story using the present continuous interrogative forms of the verb.

7. Read and translate the following short story with the help of your dictionary.

مەنمۇ خالتىسىدىكى بۇيۇملارنى كۆزلەۋاتىمەن

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە نەسىردىن ئەپەندى[1] بىلەن خوتۇنى ئۇخلاۋاتسا ئۆيىگە ئوغرى كىرىدىكەن. ئوغرىدىن قورققان نەسىردىن ئەپەندى ئۇخلاۋاتقاندەك جىم ياتىدىكەن. خوتۇنى: «ھەي، ئۆيگە ئوغرى كىردى!» دەپ بىر نەچچە قېتىم پىچىرلىسىمۇ جىم ياتىدىكەن. ئاخىرى خوتۇنى: «سىزمۇ ئوغرىدىن قورقۇۋاتامسىز؟» ەپ سورىغاندا، نەسىردىن ئەپەندى: «جىم يات! ئۇ بىزنىڭ نەرسىلەرنى ئوغرىلىسا ئوغرىلىسۇن، مەنمۇ ئۇنىڭ خالتىسىدىكى بۇيۇملارنى كۆزلەۋاتىمەن.» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

8. Read the idioms below and match them with English idioms of the same or similar meaning.

1) قورققانغا قوش كۆرۈنىدۇ.
2) كۆرگەن كۆرگىنىنى قىلار، كۆرمىگەن بىلگىنىنى (قىلار).
3) ماڭغان ئالار، ياتقان قالار.

---

① A common legendary man of wisdom in Central Asian folktales.

# Lesson Nineteen ئون توققۇزىنچى دەرس

## ساداقەت

مەن ھەر كۈنى نامازشامدا ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى باغچىغا سەيلە قىلىشقا چىقاتتىم. ھەر كۈنى باغچىغا كېتىۋاتقىنىمدا ئاپتوبۇس بېكىتىدە بىر ياشانغان ئايالنى كۆرەتتىم. بېشىغا چىرايلىق گۈللۈك ياغلىق چىگكەن بۇ ئايال بىر قانچە يىلدىن بېرى ھەر كۈنى مۇشۇ ۋاقىتتا، مۇشۇ يەردە كىمدۇر بىرىنى كۈتەتتى.

بىر كۈنى باغچىدىن قايتىۋاتقىنىمدا ئۇ يەنە شۇ يەردە تۇراتتى. ئاپتوبۇس كەلگەن ئىكەن. ئاپتوبۇستىن كىشىلەر چۈشۈۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى ئايال ئاپتوبۇس تەرەپكە ئىتتىك ماڭدى. ئاپتوبۇستىن چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان بولسىمۇ يەنىلا چاققان، تېتىك بىر ئادەم چۈشتى. «قېرى ئاشىق - مەشۇقلار ئىكەن - دە!» دېدىم ئىچىمدە، مەن ئۆيگە كەتتىم.

كېيىن ئۇرۇش باشلاندى. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن مەنمۇ ھەربىي سەپتىن ئۆيگە قايتتىم. ئۆيگە كەلگەندە ھېلىقى ئايال ئېسىمگە كەلدى - دە، نامازشام ۋاقتىدا كوچىغا چىقتىم. ئۇ ئايال يەنە شۇ يەردە، بېكەتنىڭ يېنىدا تۇراتتى. لېكىن ئۇ كۈنى ئۇ بېشىغا گۈللۈك ياغلىق ئەمەس، قارا ياغلىق چىگكەن ئىدى. ئاپتوبۇس كەلدى، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ئادەم چۈشتى. لېكىن بۇ ئايال كۈتۈۋاتقان ھېلىقى ئاق چاچلىق ئادەم كۆرۈنمىدى. ئاپتوبۇس كەتتى، لېكىن ئۇ ئايال يەنىلا شۇ يەردە تۇراتتى. مەنمۇ تۇردۇم. قاراڭغۇ چۈشتى. كوچىدا بىزدىن باشقا ئادەم قالمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بېكەتنىڭ يېنىدا ئۇ ئايالنى ھەر كۈنى كۆرەتتىم. لېكىن ھەر كۈنى ئۇ كۈتكەن ھېلىقى ئاق چاچلىق ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئايال يەنىلا شۇ بۇرۇنقى جايدا سۆيگەن ئادىمىنى كۈتەتتى، ئۇزاق تۇراتتى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىنلا يالغۇز ئۆيى تەرەپكە كېتەتتى.

سۈرۈشتۈرسەم، ئۇنىڭ ئېرى بىر يىل بۇرۇن ئۇرۇشتا قۇربان بولغان ئىكەن.

## دوستلار سۆھبىتى

— سەن ھازىر نېمە قىلىۋاتىسەن؟
— مەن ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىۋاتىمەن.
— بۇلتۇر ئىككىمىز سىئاتلدا كۆرۈشتۇقمۇ؟
— ھەئە، ئىككىمىز بۇلتۇر قىشلىق تەتىلدە ھەدەمنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشكەن ئىدۇق.
— توغرا - توغرا، روژدېستوۋ بايرىمى ئىدى. شۇ ۋاقىتتىمۇ سىئاتلدا ئوقۇۋاتاتتىڭمۇ؟
— ياق. بۇلتۇر ئۇ ۋاقىتتا مەن سىئاتلدا ئوقۇۋاتمايتتىم. ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىغا بۇ يىل كەلدىم.
— ھەدەڭمۇ ئوقۇمدۇ؟
— ھەدەممۇ سىئاتل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتاتتى، بۇ يىل قىشتا ئۇنىڭ تۇنجى بالىسى تۇغۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھازىر ئوقۇمايۋاتىدۇ، ئۆيدە بالىسىنى بېقىۋاتىدۇ.
— سېنىڭ ئوقۇش پۇلۇڭنى ئۆزۈڭ تۆلەۋاتامسەن ياكى ئاتا - ئاناڭ تۆلەۋاتامدۇ؟
— ھازىر ئاتا - ئانام تۆلەۋاتىدۇ. پۇلۇم بولسا ئۆزۈم تۆلەيتتىم. بۇرۇن ئۆزۈم تۆلەۋاتاتتىم.

ــ ئىشلەۋاتامسەن؟

ــ ئىشلەۋاتاتتىم، لېكىن بۇ مەۋسۇمدە دەرسىم بەك جىق، ئىشلىمەيۋاتىمەن. كېلەر مەۋسۇمدە ئىشلەيمەن.

ــ بىز بۇلتۇر كۆرۈشكەندە ئىشلەۋاتامتىڭ؟

ــ ھەئە، ئۇ ۋاقىتتا بىر كومپيۇتېر شىركىتىدە ئىشلەۋاتاتتىم. سەنچۇ؟ ئىشلەۋاتامسەن؟

ــ ھەئە، دادامنىڭ شىركىتىدە ئىشلەۋاتىمەن.

## Vocabulary سۆزلۈك

| | |
|---|---|
| 1. loyalty; sincerity | ساداقەت |
| 2. dusk prayer | نامازشام |
| 3. side; next (to); close; near; edge | يان |
| 4. a walk; trip | سەيلە |
| to take walk (relaxing); to take a trip | سەيلە قىل ـ |
| 5. old, aged (< ياشا ـ "to live" < ياش "age") | ياشانغان (ياش + ا ـ ن ـ غان) |
| 6. colorful adj.; flower garden n. (گۈل "flower") | گۈللۈك (گۈل + لۈك) |
| 7. to tie (to wear a scarf) | چىگ ـ (ياغلىق چىگ ـ) |
| 8. since | N ـ دىن بېرى |
| 9. whoever, someone (unknown to speaker) | كىمدۇر |
| 10. to get down, fall; to get on/off (from car/bus) | چۈش ـ |
| 11. a short while | بىردەم |
| 12. that (particular one mentioned before) | ھېلىقى |
| 13. quick; fast; sharp | ئىتتىك |
| 14. hair (human) | چاچ |
| 15. white | ئاق |
| 16. to turn white (< ئاق "white adj.) | ئاقار ـ (ئاق + ار ـ) |
| 17. although; even though (< بول ـ "to be/become") | بولسىمۇ (بول ـ سا ـ مۇ) |
| 18. quick (ly), fast; dexterous, agile | چاققان |
| 19. vigorous, energetic | تېتىك |
| 20. one who is in love | ئاشىق |
| 21. sweethearts, lovers | ئاشىق ـ مەشۇق |
| 22. war; scandal, fight (< ئۇر ـ "to hit, strike") | ئۇرۇش (ئۇر ـ ۇش) |
| 23. military adj.; military man n. | ھەربىي |
| 24. line, row; rank | سەپ |
| 25. military service; military troops | ھەربىي سەپ |
| 26. memory, mind | ئەس |

27. to remember, to recall (lit.: come to my memory) ئېسىمگە كەل -
28. to be seen; to seem (passive/reflexive of كۆر - "to see") كۆرۈن - (كۆر - ۈن -)
29. dark (not light) قاراڭغۇ
30. night fall (to become dark) قاراڭغۇ چۈش -
31. previous; the past one (< بۇرۇن "before") بۇرۇنقى (بۇرۇن + قى)
32. to kiss; to love سۆي -
love, beloved سۆيگەن ئادەمى
33. Christmas روژدېستۋو
34. holiday; festival بايرام
35. firt, initial تۇنجى

## Grammar گىراماتىكا

**1. The Habitual Past Tense Form of the Verb**

1.1 Formation of the habitual past tense

The habitual past tense is formed by the application of the suffix - ەت / - ات / - يت to the positive and negative verbal stem, followed by the past tense predicative endings, i.e., the past tense suffix plus personal endings. Because of the unvoiced consonant ending of the preceding suffix, the past tense suffix occurs as - ت.

See the chart below:

| negative stem | | | positive stem | | | person |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىشلىمە - يت - | بارما - يت - | كۆرمە - يت - | ئىشلە - يت - | بار - ات - | كۆر - ەت - | |
| ئىشلىمەيتتىم | بارمايتتىم | كۆرمەيتتىم | ئىشلەيتتىم | باراتتىم | كۆرەتتىم | مەن |
| ئىشلىمەيتتۇق | بارمايتتۇق | كۆرمەيتتۇق | ئىشلەيتتۇق | باراتتۇق | كۆرەتتۇق | بىز |
| ئىشلىمەيتتىڭ | بارمايتتىڭ | كۆرمەيتتىڭ | ئىشلەيتتىڭ | باراتتىڭ | كۆرەتتىڭ | سەن |
| ئىشلىمەيتتىڭىز | بارمايتتىڭىز | كۆرمەيتتىڭىز | ئىشلەيتتىڭىز | باراتتىڭىز | كۆرەتتىڭىز | سىز |
| ئىشلىمەيتتىڭلار | بارمايتتىڭلار | كۆرمەيتتىڭلار | ئىشلەيتتىڭلار | باراتتىڭلار | كۆرەتتىڭلار | سىلەر |
| ئىشلىمەيتتى | بارمايتتى | كۆرمەيتتى | ئىشلەيتتى | باراتتى | كۆرەتتى | ئۇ/ئۇلار |

1.2 Function of the habitual past tense

The habitual past tense form expresses the regular, constant occurrence or existence of the action in the past. It is also used to indicate the intention or wish to do someting in the past or at the time of speech. Examples:

هەر كۈنى ئۇ ئايالنى شۇ بېكەتنىڭ يېنىدا كۆرەتتىم.

*I used to see that women by that station every day.*

This example expresses the constant occurrence of an action (i.e : كۆر ـ ) during a certain period of time in the past.

پۇلۇم بولسا (ئوقۇش پۇلىنى) ئۆزۈم تۆلەيتتىم.

*I would pay (the tuition) myself, if I had the money.*

This can be the "intention" of the speaker in the past or, a current desire of the speaker at the time of speech.

## 2. The Continuous Past Tense Form of the Verb

2.1 Formation of the Continuous past tense

Te continuous past tense is formed by the application of the suffix ـەت / ـات / ـيت to the positive and negative continuous aspect forms of the verb, which are followed by the past tense predicative endings. (i.e., the past tense suffix ـت plus personal endings). See the charts of (positive and negative forms below:

Positive :

| ئىشلەۋات ـ ات ـ | بېرىۋات ـ ات ـ | ئوقۇۋات ـ ات ـ | كۆرۈۋات ـ ات ـ | person |
|---|---|---|---|---|
| ئىشلەۋاتاتتىم | بېرىۋاتاتتىم | ئوقۇۋاتاتتىم | كۆرۈۋاتتىم | مەن |
| ئىشلەۋاتاتتۇق | بېرىۋاتاتتۇق | ئوقۇۋاتاتتۇق | كۆرۈۋاتاتتۇق | بىز |
| ئىشلەۋاتاتتىڭ | بېرىۋاتاتتىڭ | ئوقۇۋاتاتتىڭ | كۆرۈۋاتاتتىڭ | سەن |
| ئىشلەۋاتاتتىڭىز | بېرىۋاتاتتىڭىز | ئوقۇۋاتاتتىڭىز | كۆرۈۋاتاتتىڭىز | سىز |
| ئىشلەۋاتاتتىڭلار | بېرىۋاتاتتىڭلار | ئوقۇۋاتاتتىڭلار | كۆرۈۋاتاتتىڭلار | سىلەر |
| ئىشلەۋاتاتتى | بېرىۋاتاتتى | ئوقۇۋاتاتتى | كۆرۈۋاتاتتى | ئۇ/ئۇلار |

Negative I :

| ئىشلىمەيۋات ـ ات ـ | بارمايۋات ـ ات ـ | ئوقۇمايۋات ـ ات ـ | كۆرمەيۋات ـ ات ـ | person |
|---|---|---|---|---|
| ئىشلىمەيۋاتاتتىم | بارمايۋاتاتتىم | ئوقۇمايۋاتاتتىم | كۆرمەيۋاتاتتىم | مەن |
| ئىشلىمەيۋاتاتتۇق | بارمايۋاتاتتۇق | ئوقۇمايۋاتاتتۇق | كۆرمەيۋاتاتتۇق | بىز |
| ئىشلىمەيۋاتاتتىڭ | بارمايۋاتاتتىڭ | ئوقۇمايۋاتاتتىڭ | كۆرمەيۋاتاتتىڭ | سەن |
| ئىشلىمەيۋاتاتتىڭىز | بارمايۋاتاتتىڭىز | ئوقۇمايۋاتاتتىڭىز | كۆرمەيۋاتاتتىڭىز | سىز |
| ئىشلىمەيۋاتاتتىڭلار | بارمايۋاتاتتىڭلار | ئوقۇمايۋاتاتتىڭلار | كۆرمەيۋاتاتتىڭلار | سىلەر |
| ئىشلىمەيۋاتاتتى | بارمايۋاتاتتى | ئوقۇمايۋاتاتتى | كۆرمەيۋاتاتتى | ئۇ/ئۇلار |

Negative II :

| ئىشلەۋاتما ـ يت ـ | بېرىۋاتما ـ يت ـ | ئوقۇۋاتما ـ يت ـ | كۆرۈۋاتما ـ يت ـ | person |
|---|---|---|---|---|
| ئىشلەۋاتمايتتىم | بېرىۋاتمايتتىم | ئوقۇۋاتمايتتىم | كۆرۈۋاتمايتتىم | مەن |
| ئىشلەۋاتمايتتۇق | بېرىۋاتمايتتۇق | ئوقۇۋاتمايتتۇق | كۆرۈۋاتمايتتۇق | بىز |
| ئىشلەۋاتمايتتىڭ | بېرىۋاتمايتتىڭ | ئوقۇۋاتمايتتىڭ | كۆرۈۋاتمايتتىڭ | سەن |
| ئىشلەۋاتمايتتىڭىز | بېرىۋاتمايتتىڭىز | ئوقۇۋاتمايتتىڭىز | كۆرۈۋاتمايتتىڭىز | سىز |
| ئىشلەۋاتمايتتىڭلار | بېرىۋاتمايتتىڭلار | ئوقۇۋاتمايتتىڭلار | كۆرۈۋاتمايتتىڭلار | سىلەر |
| ئىشلەۋاتمايتتى | بېرىۋاتمايتتى | ئوقۇۋاتمايتتى | كۆرۈۋاتمايتتى | ئۇ/ئۇلار |

2.2 Function of the continuous past tense

The continuous past tense form of the verb denotes the direct declaration of the continuous state of the action in the past. For example :

هەدەممۇ سىئاتل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتاتتى.

*My sister was also studying at the Seattle University.*

**3. Interrogative Forms of Habitual and Continuous Past Tenses**

There are two different interrogative forms of the habitual and continuous past tenses : a) The interrogative particle ـ مۇ is applied to the end of habitual and continuous past tense forms , at the outmost position following the predicative personal endings (i.e , the past tense suffix ـ ت plus personal endings); b) The interrogative particle ـ مۇ is applied before the predicative endings in the form of $-م^{0}-$ ( ـمـ after a vowel and ـ ام ـ or ـ ەم ـ after a consonants). See the charts :

ـ مۇ after the predicative endings :

| continuous past | | | habitual past | |
|---|---|---|---|---|
| negative II | negative I | positive | negative | positive |
| كۆرۈۋاتما ـ يت ـ | كۆرمەيۋات ـ ات ـ | كۆرۈۋات ـ ات ـ | كۆرمە ـ يت ـ | كۆر ـ ەت ـ |
| كۆرۈۋاتمايتتىممۇ | كۆرمەيۋاتاتتىممۇ | كۆرۈۋاتاتتىممۇ | كۆرمەيتتىممۇ | كۆرەتتىممۇ |
| كۆرۈۋاتمايتتۇقمۇ | كۆرمەيۋاتاتتۇقمۇ | كۆرۈۋاتاتتۇقمۇ | كۆرمەيتتۇقمۇ | كۆرەتتۇقمۇ |
| كۆرۈۋاتمايتتىڭمۇ | كۆرمەيۋاتاتتىڭمۇ | كۆرۈۋاتاتتىڭمۇ | كۆرمەيتتىڭمۇ | كۆرەتتىڭمۇ |
| كۆرۈۋاتمايتتىڭىزمۇ | كۆرمەيۋاتاتتىڭىزمۇ | كۆرۈۋاتاتتىڭىزمۇ | كۆرمەيتتىڭىزمۇ | كۆرەتتىڭىزمۇ |
| كۆرۈۋاتمايتتىڭلارمۇ | كۆرمەيۋاتاتتىڭلارمۇ | كۆرۈۋاتاتتىڭلارمۇ | كۆرمەيتتىڭلارمۇ | كۆرەتتىڭلارمۇ |
| كۆرۈۋاتمايتتىمۇ | كۆرمەيۋاتاتتىمۇ | كۆرۈۋاتاتتىمۇ | كۆرمەيتتىمۇ | كۆرەتتىمۇ |

– م° – betore the predicative endings :

| continuous past | | | habitual past | |
|---|---|---|---|---|
| negative II | negative I | positive | negative | positive |
| كۆرۈۋاتما – م – | كۆرمەيۋات – ام – | كۆرۈۋات – ام – | كۆرمە – م – | كۆر – ەم – |
| كۆرۈۋاتمامتىم | كۆرمەيۋاتامتىم | كۆرۈۋاتامتىم | كۆرمەمتىم | كۆرەمتىم |
| كۆرۈۋاتمامتۇق | كۆرمەيۋاتامتۇق | كۆرۈۋاتامتۇق | كۆرمەمتۇق | كۆرەمتۇق |
| كۆرۈۋاتمامتىڭ | كۆرمەيۋاتامتىڭ | كۆرۈۋاتامتىڭ | كۆرمەمتىڭ | كۆرەمتىڭ |
| كۆرۈۋاتمامتىڭىز | كۆرمەيۋاتامتىڭىز | كۆرۈۋاتامتىڭىز | كۆرمەمتىڭىز | كۆرەمتىڭىز |
| كۆرۈۋاتمامتىڭلار | كۆرمەيۋاتامتىڭلار | كۆرۈۋاتامتىڭلار | كۆرمەمتىڭلار | كۆرەمتىڭلار |
| كۆرۈۋاتمامتى | كۆرمەيۋاتامتى | كۆرۈۋاتامتى | كۆرمەمتى | كۆرەمتى |

4. Derivational Suffix – ر +/– ار +/– ەر +

The derivational suffix – ر +/– ار +/– ەر + derives verb from nominal stems E.g :

قىسقا "short" + ر– > قىسقار – "to be shortened"

ئاق "white" + ار– > ئاقار – "to turn white"

كۆك "blue" + ەر– > كۆكەر – "to turn blue"

5. Derivational Suffix – ۇش / – ۈش / – ىش / – ش

The derivational suffix – ۇش / – ۈش / – ىش / – ش derives verb from verbal stems E.g. :

ئوقۇ – "to study" – ش > ئوقۇش "study"

ئۆگەن – "to learn" – ىش > ئۆگىنىش "study, learning"

ئۇر – "to hit" – ۇش > ئۇرۇش "war"

كۆر – "to see" – ۈش > كۆرۈش "sight"

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1. Compose the positive, negative and interrogative habitual past tense forms of the verbs given below.

چىڭ – ، چۈش – ، قارا – ، تونۇشتۇر – ، ئۆزگەر –

Example :

باق – :

باقاتتىم ، باقاتتۇق، باقاتتىڭ، باقاتتىڭىز ، باقاتتىڭلار ، باقاتتى؛
باقاتتىممۇ، باقاتتۇقمۇ، باقاتتىڭمۇ، باقاتتىڭىزمۇ، باقاتتىڭلارمۇ، باقاتتىمۇ؛
باقامتىم، باقامتۇق، باقامتىڭ، باقامتىڭىز ، باقامتىڭلار ، باقامتى؛
باقمايتتىم، باقمايتتۇق، باقمايتتىڭ، باقمايتتىڭىز ، باقمايتتىڭلار ، باقمايتتى؛
باقمايتتىممۇ، باقمايتتۇقمۇ، باقمايتتىڭمۇ، باقمايتتىڭىزمۇ، باقمايتتىڭلارمۇ، باقمايتتىمۇ؛
باقمامتىم، باقمامتۇق، باقمامتىڭ، باقمامتىڭىز ، باقمامتىڭلار باقمامتى؛

2. Compose the positive , negative and interrogative continuous past tense forms of the verbs given below.

چىگ ـ ، چۈش ـ ، قارا ـ، تونۇشتۇر ـ، ئۆزگەر ـ

Example :

باق ـ :

بېقىۋاتاتتىم، بېقىۋاتاتتۇق، بېقىۋاتاتتىڭ، بېقىۋاتاتتىڭىز ، بېقىۋاتاتتىڭلار ، بېقىۋاتاتتى؛
بېقىۋاتاتتىممۇ، بېقىۋاتاتتۇقمۇ، بېقىۋاتاتتىڭمۇ، بېقىۋاتاتتىڭىزمۇ، بېقىۋاتاتتىڭلارمۇ، بېقىۋاتاتتى؛

بېقىۋاتامتىم، بېقىۋاتامتۇق، بېقىۋاتامتىڭ، بېقىۋاتامتىڭىز ، بېقىۋاتامتىڭلار ، بېقىۋاتامتى؛
باقمايۋاتاتتىم، باقمايۋاتاتتۇق، باقمايۋاتاتتىڭ، باقمايۋاتاتتىڭىز ، باقمايۋاتاتتىڭلار ، باقمايۋاتاتتى؛
باقمايۋاتاتتىممۇ، باقمايۋاتاتتۇقمۇ، باقمايۋاتاتتىڭمۇ، باقمايۋاتاتتىڭىزمۇ، باقمايۋاتاتتىڭلارمۇ، باقمايۋاتاتتىمۇ؛

باقمايۋاتامتىم، باقمايۋاتامتۇق، باقمايۋاتامتىڭ، باقمايۋاتامتىڭىز ، باقمايۋاتامتىڭلار ، باقمايۋاتامتى؛

بېقىۋاتمايتتىم، بېقىۋاتمايتتۇق، بېقىۋاتمايتتىڭ، بېقىۋاتمايتتىڭىز ، بېقىۋاتمايتتىڭلار ، بېقىۋاتمايتتى؛

بېقىۋاتمايتتىممۇ، بېقىۋاتمايتتۇقمۇ، بېقىۋاتمايتتىڭمۇ، بېقىۋاتمايتتىڭىزمۇ، بېقىۋاتمايتتىڭلارمۇ، بېقىۋاتمايتتىمۇ؛

بېقىۋاتمامتىم، بېقىۋاتمامتۇق، بېقىۋاتمامتىڭ، بېقىۋاتمامتىڭىز ، بېقىۋاتمامتىڭلار ، بېـ- قىۋاتمامتى؛

3. Read the following dialogues and translate them into English :

1) ــ ھەر كۈنى نامازشام ۋاقتىدا ئۇ ئايال باغچىدا سەيلە قىلىۋاتاتتىمۇ؟
ــ ياق، ئۇ سەيلە قىلىۋاتمايتتى، ئىترىنى كۈتۈۋاتاتتى.

2) ــ سىز ئەتىگەن ئىشقا ماڭغاندا ھاۋا ئۆزگىرىۋاتامتى؟
ــ ھەئە، مەن ئىشقا ماڭغاندا ھاۋا ئۆزگىرىۋاتاتتى.

3) ــ كەچتە ئىشتىن قايتىۋاتقىنىڭىزدا يامغۇر يېغىۋاتامتى؟
ــ ياق، مەن ئىشتىن قايتىۋاتقىنىمدا يامغۇر يېغىۋاتمايتتى.

4) ــ سىز بۇرۇن قەھۋە (coffee) ئىچەتتىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ئىچەتتىم. لېكىن جىق ئىچمەيتتىم. چۈنكى قەھۋەنى ياخشى كۆرمەيتتىم.

5) — پۇلىڭىز بار بولسا ئۆي ئالامتىڭىز؟

— پۇلۇم بار بولسا ئەلۋەتتە ئۆي ئالاتتىم.

— ياق، ئۆي ئالمايتتىم. ئالدى بىلەن پۈتۈن جاھاننى سەيلە قىلاتتىم.

6) — ئاپىڭىز بېشىغا ياغلىق چىگەمتى؟

— ھەئە، ئاپام بېشىغا ياغلىق چىگەتتى.

7) — تۈنۈگۈن سىزنى چاقىرسام كېلەمتىڭىز؟

— چاقىرغان بولسىڭىز كېلەتتىم.

8) — سىلەر ھەر كۈنى كۆرۈشەمتىڭلار؟

— ياق، بىز ھەر كۈنى كۆرۈشمەيتتۇق، ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرۈشەتتۇق.

9) — مەن تۈنۈگۈن ساڭا تېلېفون بەرگەندە سەن تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتىڭمۇ؟

— ياق، تېلېۋىزور كۆرۈۋاتمايتتىم، كىتاب ئوقۇۋاتاتتىم.

10) — ئۆتكەن ئايدا داداڭ ئىشقا بارمايۋاتامتى؟

— ئۆتكەن ئايدا دادام ئۈچ ھەپتە ئىشقا بارمىدى، ئاپام كېسەل ئىدى، ئاپامغا قاراۋاتاتتى.

4. Translate the following dialogues into Uighur:

1) If I had asked for your car yesterday, would you have given it to me?

I would have given it to you. But I would not have given (you) the new one. I would have given you the old one.

2) Did you use to go to Xinjiang every year?

Yes, I used to go every summer. But I do not go anymore.

3) Were you working yesterday morning?

No, I was not working in the morning.

Yes, I was working in the morning.

4) Were you talking on the phone when I called you last night?

Yes, I was talking on the phone with my friend.

No, I was not talking on the phone. I was writing an e-mail to my friend.

5) Was your grandfather sleeping when your father came back from work?

When my father came back from work, he was playing chess.

**5. Compose 5-10 Uighur sentences using habitual and continuous past tenses.**

**6. Write a short story applying the habitual and continuous past tense forms as possible.**

**7. Read and translate the following stories with the help of your dictionary.**

# قىلىدىغان بىرىنچى ئىش

① (1)

ئوقۇتقۇچى: ئەگەر سەن مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولساڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىڭ نېمە بولاتتى؟

ئوقۇغۇچى: ئەگەر مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولسام ئالدى بىلەن تاپشۇرۇق ۋە ئىمتىھانلارنى ئەمەلدىن قالدۇراتتىم.

(2)

نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ باشلىقى بەك پارىخور ئىكەن. بىر كۈنى باشلىق نەسرىدىن ئەپەندىدىن سورايدىكەن:

— ئەگەر سەن مېنىڭ ئورنۇمدا مۇشۇ ئىدارىگە باشلىق بولساڭ ئىدارىنى قانداق باشقۇراتتىڭ؟

نەسرىدىن ئەپەندى دەرھال:

— ئەگەر مەن باشلىق بولسام ئالدى بىلەن ھەممە پارىخورلارنى ئىشتىن بوشىتاتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

---

① This story is adopted from «ساددا خىيال»، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى (*Uighur Reader*), The Kashgar Uighur Pblishing House, 2001, p.10.

# Lesson Twenty

# يىگىرمىنچى دەرس

## شىنجاڭغا سەپەر

مەن ھەر يىلى جۇڭگوغا باراتتىم، لېكىن شىنجاڭغا بارمىغان ئىدىم. بۇلتۇر ئاۋغۇستتا شىنجاڭغا باردىم. بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلان ئۈچ يېرىم سائەتتە بارىدىكەن، پويىز 48 سائەتتە بارىدىكەن.

بىز ئەتىگەن سائەت سەككىزنىڭ ئايروپىلانى بىلەن يولغا چىقتۇق. چۈشكىچە ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. بېيجىڭدە ناشتا قىلمىغان ئىدىم، شۇڭا، چۈشتە مېھمانخانىنىڭ رېستورانىدا ئۇيغۇرچە تاماقلارنى تويغۇچە يېدىم.

ئۈرۈمچىدە ئۈچ كۈن تۇردۇق. تۆتىنچى كۈنى شىنجاڭنى ئايلىنىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغىچە ماشىنا بىلەن باردۇق. تۇرپاندىن قەشقەرگىچە پويىزدا ماڭدۇق. يولدا قاراشەھەر، ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلەرنى كۆردۇق. قەشقەر، ئاتۇش، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەرنى ساياھەت قىلغاندىن كېيىن، خوتەنگىچە ئاپتوبۇستا باردۇق.

يازىچە تارىم ئەتراپىدا جىق جايلارنى ئايلاندۇق. كۆز كىرىۋاتاتتى. قار ياغقۇچە غۇلجا، چۆچەك ۋە ئالتايلارنى كۆرەيلى دەپ، خوتەندىن ئالتايغا ئايروپىلاندا باردۇق. ئالتايدىن چۆچەك ۋە غۇلجىغىچە تاكسى كىرا قىلدۇق. غۇلجىدىن سايرام كۆلى بويىغا كەلدۇق. سايرام كۆلىدەك چىرايلىق كۆلنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن. ئۇ يەردە ئىككى كۈن تۇردۇق.

بارغان يەردە بىزنى قىزغىن كۈتتى. ئۇيغۇر تائاملىرى بەك تەملىك ئىكەن. ئۇيغۇر تائاملىرى ۋە شىنجاڭنىڭ مېۋىلىرى پۈتۈن جۇڭگو بويىچە مەشھۇر ئىكەن.

## شەنبىگىچە

— ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتىشنى بىلەمسىز؟
— نېمە دەيسىز؟ ئۇيغۇر تىلىنى ئەمدى ئۆگىنىۋاتىمەن.
— سىزچە ئۇيغۇر تىلى قىيىنمىكەن؟
— دۇنيادا ئاسان ئىش يوق. لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ئانچە قىيىن ئەمەس بولسا كېرەك.
— ئۇيغۇرچە كىتابلىرىڭىز بارمۇ؟
— ئۇيغۇرچە كىتابلىرىم جىق ئەمەس. لېكىن مەندە ئۇيغۇرچە ناخشا - ئۇسسۇل ۋە كىنو دىسكىلىرى بار، كۆرەمسىز؟
— كۆرەي، قاچان كۆرىمىز؟
— جۈمەگىچە ۋاقتىم يوق. شەنبە كۈنى كۆرەيلىمۇ؟
— ماقۇل. شەنبە كۈنى چۈشكىچە ئازراق ئىشىم بار. چۈشتىن كېيىن بىزنىڭكىدە كۆرۈمدۇق؟
— مەن بارغۇچە سىز بىزنىڭكىگە كەلمەمسىز؟
— مەيلى، سائەت ئىككىلەردە كەلسەم بولامدۇ؟
— بولىدۇ. ئەمىسە مەن سىزنى ساقلايمەن.
— شەنبىگىچە خوش، ئەمىسە.

## Vocabulary — سۆزلۈك

| | |
|---|---|
| 1. journey, voyage | سەپەر |
| 2. China | جۇڭگو |
| 3. breakfast; breakfast time | ناشتا |
| 4. to eat breakfast | ناشتا قىل |
| 5. to revolve, rotate; to go around; to go for stroll | ئايلان |
| 6. a city in the mid-west of Xinjiang | قاراشەھەر |
| 7. a city in the west of Xinjiang | ئاقسۇ |
| 8. a city in the south-west of Xinjiang | يەكەن |
| 9. a city in the south of Xinjing | تارىم |
| 10. name of a river and large desert in southern Xinjiang | ئالتاي |
| 11. a name of a city, region and a mountain in northern Xinjiang | تاكسى |
| 12. taxi | كىرا |
| 13. rent; payment for rent | كىرا قىل |
| 14. to rent; to hire a transport | قىزغىن |
| 15. warm, passionate, enthusiastic | تائام |
| 16. cooked meal | تەملىك (تەم + لىك) |
| 17. tasty, delicious (< تەم "taste") | مېۋە |
| 18. fruit | مەشھۇر |
| 19. famous, distinguished, well known | ناخشا |
| 20. song | ئېيت |
| 21. to tell, to inform; to sing (a song) | دۇنيا |
| 22. world; wealth | ئاسان |
| 23. easy | ئۇسسۇل |
| 24. dance | دىسكا |
| 25. disk (refers CD/VCD/DVD s and computer floppy disks) | ساقلا |
| 26. to wait; to preserve, save; to keep | |

## Garammar — گرامماتىكا

### Suffixes چە+ and Their Functions

#### 1. The derivational suffix چە+

1.1 Derivational suffix چە+ derives adverbs from nominal stems. E.g.:

| | |
|---|---|
| *Ughur > in Ughur* | ئۇيغۇر + چە = ئۇيغۇرچە |
| *English > in English* | ئىنگلىز + چە = ئىنگلىزچە |
| *now > for now / for the time being* | ھازىر + چە = ھازىرچە |
| *as for today* | بۈگۈن + چە = بۈگۈنچە |

1.2 However, when it is applied to some personal and demonstrative pronouns, it may require these pronouns to be in the genitive case form. E.g.:

| | |
|---|---|
| *in my opinion* | مەن (+ ىنىڭ) + چە > مەنچە = مېنىڭچە |
| *in your opinion* | سەن (+ ىنىڭ) + چە > سەنچە = سېنىڭچە |
| *in his / her opinion* | ئۇ (+ ىنىڭ) + چە = ئۇنىڭچە |

Some other words may take specific forms for such derivation. E.g.:

| | |
|---|---|
| *time > temporarily* | ۋاقىت (+ ىن) + چە = ۋاقىتنىچە |

1.3 A specific averbial form, such as بويىچە (lit: in the length of its body) needs to be mentioned. It is derived from the noun بوي " body, stature; side (of), edger ". The derivational suffix چە + is applied to its 3[rd] person possessive form بويى. This kind of ad-verbial form is used in the expressions such as: " in accordance with ", " throughout ", " amongst ", " following the pattern of ", etc. E.g.:

ئۇ مەكتەپ بويىچە ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى .

*He is the best student throughout the school.*

ھەممە ئىشنى مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلىشىڭ كېرەك .

*You must do everything as I told you (to do).*

The following are the examples of such adverbial forms:

| | |
|---|---|
| *winter > during the entire winter* | قىش (+ ى) + چە = قىشىچە |
| *winter > during the entire summer* | ياز (+ ى) + چە = يازىچە |
| *winter > during the entire autumn* | كۈز (+ ى) + چە = كۈزىچە |

**2. The Limitative Suffix چە +**

2.1 The limitative suffix چە + can be applied to verbal nouns and participles (verbal - adjectives) to express the manner or limitation of the action. In most cases, these verbal noun and participles occur in possessive forms. E.g.:

| | |
|---|---|
| *according to my knowledge (about it)* | بىل - ىش (+ ىم) + چە = بىلىشىمچە |
| *as you know; as you desire* | بىل - گەن (+ ىڭ) + چە = بىلگىنىڭچە |

2.2 The limitative suffix + combined with the dative case suffix +گە /+قا / + غا / كە+ creates the suffix compound غىچە +/ قىچە +/ گىچە +/ كىچە + which can be applied to a nominal stem denoting the final destination and/or goal. E.g.:

| | |
|---|---|
| *all the way / up to Turpan* | تۇرپان + غا + چە = تۇرپانغىچە |
| *(to count) up to hundred* | يۈز+ گە + چە = يۈزگىچە (سانا) |
| *until five (o' clock)* | (سائەت) بەش + كە + چە = بەشكىچە |

2.3 The limitative suffix چە+ combined with the verbal noun suffix + غۇ /+ قۇ /+ گۈ /+ كۈ creates the suffix compound -غۇچە / -قۇچە / -گۈچە / -كۈچە which can be applied to positive and nega-

tive verbal stems denoting the final limit of an action in time. E.g.:

مەن كەلگۈچە كەتمە.
*Do not leave until I come (back).*

سەن بارمىغۇچە ئۇ كەتمەيدۇ.
*He will not leave until/unless you go (there).*

This suffix combination can also be used to indicate a change of the action, which can be expressed in English as: "instead of". E.g.:

مەكتەپكە ئاپتوبۇستا بارغۇچە ماشىنىدا بارايلى.

*Let's go to school by car, instead of going by bus.*

**3. The Comparative Suffix چە +**

The comparative suffix چە + which can be used interchangeably with the suffix چىلىك +, adds an attributive or adverbial function to a nominal stem, which may occur in possessive or genitive form, denoting a comparison or limit of quantity or quality of compared items or actions. E.g.:

مەن ئۇيغۇر تىلىنى سەنچە (=سەنچىلىك) بىلمەيمەن.

*I do not know Uighur as much as you do.*

مېنىڭمۇ سېنىڭ پۇلۇڭچە ( =پۇلۇڭچىلىك) پۇلۇم بار.

*I also have as much money as you have.*

سەنمۇ ئۇنىڭچىلىك ئال، بەك جىق ئالما.

*You also take as much as he (has taken). Do not take too much.*

**Exercises and Assignments** **مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار**

1. Read and translate the following sentences into English:

1) بۇ گەپلەرنى هازىرچە ئۇنىڭغا دېمەڭ.
2) بىز سىنىپتا مۇئەللىمنىڭ سوئاللىرىغا ئۇيغۇرچە جاۋاب بېرىمىز.
3) ياشانغان ئايال هەر كۈنى ئېرى كەلگۈچە ئۇنى ئاپتوبۇس بېكىتىدە ساقلايتتى.
4) ئۇ ئايال ئېرى كەلمىگۈچە كەتمەيتتى.
5) قىشچە بىر كۈنمۇ دەم ئالمىدىم.
6) ئايروپىلان سىئاتلدىن بېيجىڭگىچە قانچە سائەت ئۇچىدۇ؟
7) دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ شەهەر قەيەردە؟
8) سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارچىلىك ئۆينى قانچە پۇلغا ئېلىش مۇمكىن؟
9) سېنىڭچە بۇگۈن يامغۇر ياغارمۇ؟
10) مۇئەللىمنىڭ ئېيتىشىچە، تارىم دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى چوڭ قۇملۇق (desert) ئىكەن.
11) مەيلى، سېنىڭ دېگىنىڭچە قىلايلى.
12) بۇ ئىسسىقتا تۇرپانغا بارغۇچە، ئالتايغا بارساڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟

2. **Translate the following sentences into Uighur**

1) Instead of buying a house with this money, let me go around the world.
2) I used to work until noon. Now I work until 4 o'clock in the afternoon.
3) The entire summer I worked in a company.
4) It had been raining for 3 days until yesterday.
5) It is not too far from our home to (lit.: up to) the school.
6) I have not much work to do until Friday.
7) There are only two weeks left until examination.
8) That is all for today. (= Let's do this much for today).
9) He speaks very well in Uighur.
10) You do not know him as I do.

3. **Convert the words below into چە + forms and make sentences:**

ناشتا، كىرا قىل -، ساقلا -، تارىم، بۈگۈن، يەكەن، چۈش -

4. **Read and translate the short story below with the help of your dictionary.**

### ئونغىچە

كەچتە يەنە تاماشىغا كېتىۋاتقان ھاراقكەشكە ئۇنىڭ خوتۇنى يالۋۇرىدىكەن:
— سائەت ئونغىچە قايتارسىز — ھە؟ يالغۇز قورقىدىكەنمەن.
— خاتىرجەم بول، ئونغىچە كېلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىدىكەن ھاراقكەش. ئۇ كېچىچە ھاراق-
كەشلەر بىلەن ئىچىدىكەن دە، ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئوندا ئۆيىگە كېلىدىكەن.
— تۇۋا، ئاخشام كەتكەن ئىدىڭىز، ئەمدى كېلىۋاتىسىزغۇ! — دەپ خوتۇنى ئۇنىڭغا خاپا بولسا:
— ھە، نېمە ۋارقىرايسەن؟ ئۆزۈڭ سائەت ئونغىچە كەل دېمىدىڭمۇ؟ — دەيدىكەن ھاراقكەش.

5. **Read the following idioms with the help of your dictionary and try to match these idioms with corresponding ones in English:**

1) بىكار يۈرگۈچە، بىكار ئىشلە.
2) ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە، كۈچۈڭنى خار قىل.
3) پۇل تاپقۇچە، دوست تاپ.

6. **Compose a short story or a dialogue aplying چە + forms.**

## Lesson Twenty - One يىگىرمە بىرىنچى دەرس

### نېمە قىلماقچى؟[1]

بىر يانچۇقچى شېرىكىنىڭ ئۆيىگە كەلسە، ئۇ «مودا كىيىملەر» ژۇرنىلىنى ئوقۇماقتا ئىدى. ھەيران بولغان يانچۇقچى شېرىكىدىن:

— ھە، نېمە قىلماقچىسەن؟ كەسپىڭنى ئۆزگەرتمەكچىمۇ؟ ئەمدى سەيپۇڭ بولاي دەمسەن؟ — دەپ سورايدىكەن.

— نېمە دەيسەن؟ بۇ يىل مودا بولىدىغان يېڭى كىيىملەرنىڭ يانچۇقلىرىنى تەتقىق قىلماقتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىدىكەن شېرىكى.

### كىمنى سايلىماقچى؟[2]

ئامېرىكىدا سايلام بولۇۋاتقاندا بىر موماي يەنە بىر مومايدىن سورايدىكەن:

— سىز كىمنى سايلىماقچى؟

— ھېچكىمنى سايلىماقچى ئەمەسمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— نامزاتلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ئايال كىشى يوق ئىكەن.

— سىز ئايال كىشىنى سايلىماقچىمۇ؟

— ھەئە، بىر ئايال كىشىنى سايلىماقچىمەن.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس.

— نېمە ئۈچۈن؟

— بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، ئەگەر سىز سايلىماقچى بولغان ئايال بەك سەت بولسا ئۇنى ئەرلەر سايلىمايدۇ، ئەگەر سىز سايلىماقچى بولغان ئايال بەك چىرايلىق بولسا ئۇنى ئاياللار سايلىمايدۇ. شۇڭا قانداق بولسىمۇ ئۇ بەرىبىر سايلانمايدۇ.

### كىمگە تەگمەكچى؟

بىر بايۋەچچە بىر ساھىبجامال قىزنى ياخشى كۆرىدىكەن ۋە ئۇ قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولىدىكەن. لېكىن قىز ئۇنىمايدىكەن. بىر كۈنى بايۋەچچە ھېلىقى قىزغا:

— سىز مەندەك باينىڭ بالىسىغا تەگمىسىڭىز، كوچىدىكى بىكار تەلەپلەرگە تەگمەكچىمۇسىز؟ — دەپ دوق قىلىدىكەن. قىز:

— ئەگەر مەن كوچىدىكى بىكار تەلەپلەرگە تەگمەكچى بولسام، ئالدى بىلەن سىزگە تەگمەتتىم؟ — دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

---

① This story is adهpted from «باش قاتۇرۇش» ،ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى (*Uighur reader*), The Kashgar Uighur Publishing House, 2001, P.58.

② This story is adapted from ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى (*Uighur Reader*), The Kashgar Uighur Publishing House, 2001, p.4.

## Vocabulary　　　　سۆزلۈك

1. pocket　يانچۇق
2. a pick – pocket (< يانچۇق “pocket”)　يانچۇقچى (يانچۇق + چى)
3. partner, companion　شېرىك
4. fashion　مودا
5. surprised, astonished, shocked　ھەيران
6. to be surprised, amazed　ھەيران بول –
7. major; specialty; subject　كەسىپ
8. to change, to alter (causative of ئۆزگەر “to change”)　ئۆزگەرت – (ئۆزگەر – ت –)
9. tailor (from Chinese 裁缝)　سەيپۇڭ
10. research; studies　تەتقىق
11. to research; to study　تەتقىق قىل –
12. to elect, vote (for)　سايلا –
13. election n. (< – سايلا “to elect” v.)　سايلام (سايلا – م)
14. to be elected (passive of – سايلا “to elect” v.)　سايلان – (سايلا – ن –)
15. candidate (for election)　نامزات
16. reason, cause　سەۋەب
17. simple; ordinary　ئاددىي
18. ugly; bad　سەت
19. no matter how/what　قانداق بولسىمۇ
20. anyway　بەرىبىر
21. to touch; to marry (of a woman)　تەگ
22. son of a rich man; playboy　بايۋەچچە
23. (extremely) beautiful, handsome　ساھىبجامال
24. to marry (*reflexive of* – ئۆيلە < ئۆي “home”)　ئۆيلەن – (ئۆي + لە – ن –)
25. a loafer　بىكار تەلەپ
26. threat, menace　دوق
27. to threaten　دوق قىل –

## Grammar　　　　گراماتىكا

### 1. The Progressive – ماقتا / – مەكتە Form of the Verb and its Function

1.1 The function of the progressive suffix – ماقتا / – مەكتە is similar to that of the continuous suffix –ۋات–, denoting that the action is in progress. The – ماقتا / – مەكتە form is more literary than the continuous form.

However, the two forms do have a slight difference in meaning in certain

contexts. The ماقتا – / مەكتە – form emphasizes the progress of the action during a certain period of time, and the – ۋات – form emphasizes the process of the progress.

Compare:

*(At the moment) I am (in the state of) reading a book.* كىتاب ئوقۇماقتىمەن.
*I am (in the process of) reading a book.* كىتاب ئوقۇۋاتىمەن.

**1.2 The suffix مەكتە–/–ماقتا– is applied only to the positive stem of the verb. E.g.:**

مەن: ئوقۇ – ماقتا – مەن〉 ئوقۇماقتىمەن؛ كۆ – رمەكتە – مەن〉 كۆرمەكتىمەن؛
بىز: ئوقۇ – ماقتا – مىز〉 ئوقۇماقتىمىز؛ كۆ – رمەكتە – مىز 〉 كۆرمەكتىمىز؛
سەن: ئوقۇ – ماقتا – سەن〉 ئوقۇماقتىسەن؛ كۆ – رمەكتە – سەن〉 كۆرمەكتىسەن
سىز: ئوقۇ – ماقتا – سىز〉 ئوقۇماقتىسىز؛ كۆ – رمەكتە – سىز〉 كۆرمەكتىسىز
سىلەر: ئوقۇ – ماقتا – سىلەر〉 ئوقۇماقتىسىلەر؛ كۆ – رمەكتە – سىلەر〉 كۆرمەكتىسىلەر
ئۇ / ئۇلار: ئوقۇ – ماقتا –〉 ئوقۇماقتا؛ كۆ — رمەكتە –〉 كۆرمەكتە؛

1.3 The 1[st] and 3[rd] person progressive forms are more commonly used. The 2[nd] person forms are rarely used.

1.4 Generally, in an interrogative form the progressive is not used. Instead, the continuous aspect form is used to express a question.

1.5 The suffix –ماقتا / –مەكتە is a combination of the verbal-noun suffix + ماق – / + –مەك and the locative case suffix تا + / تە +. In contrast to the verbal feature of the continues form, the progressive form takes on a nominal character. Therefore, no verbal endings can be attached after –مەكتە / –ماقتا.

1.5.1 The particle ئىدى can be applied to indicate the past tense when it is in the predicative position in the sentence.

Compare the following sentences:

*He is reading the "Fashion Dresses" magazine.*
ئۇ «مودا كىيىملەر» ژۇرنىلىنى ئوقۇماقتا.

*He was reading the "Fashion Dresses" magazine.*
ئۇ «مودا كىيىملەر» ژۇرنىلىنى ئوقۇماقتا ئىدى.

1.5.2 The negation of this nominal form of the verb can only be composed by application of the nominal negative particle ئەمەس. However, the negative form of the progressive is normally not used, except in certain literary context.

## 2. The Intentional Mood Form of the Verb

2.1 The intentional mood form of the verb is constructed by applying the compound suffix ماقچى – / –مەكچى – to the positive stem of the werb. E.g.:

(مەن) بارماقچى = بارماقچىمەن
(بىز) بارماقچى = بارماقچىمىز
(سەن) بارماقچى = بارماقچىسەن
(سىز) بارماقچى = بارماقچىسىز
(سىلەر) بارماقچى = بارماقچىسىلەر
(ئۇ/ئۇلار) بارماقچى = بارماقچى

(مەن) كۆرمەكچى = كۆرمەكچىمەن
(بىز) كۆرمەكچى = كۆرمەكچىمىز
(سەن) كۆرمەكچى = كۆرمەكچىسەن
(سىز) كۆرمەكچى = كۆرمەكچىسىز
(سىلەر) كۆرمەكچى = كۆرمەكچىسىلەر
(ئۇ/ئۇلار) كۆرمەكچى = كۆرمەكچى

2.2 The intentional mood form of the verb expresses the intention, desire or objective of the speaker toward the action. E.g. :

بىر ئايال كىشىنى سايلىماقچىمەن.
*I want (I intend) to vote for a woman.*

كىمگە تەگمەكچىسىز؟
*Who do you want to marry?*

2.3 The suffix ـ ماقچى / ـ مەكچى is a combination of the denominal derivational suffix +چى and the verbal-noun suffix ـ ماق+ / ـ مەك+, which results in a nominal character.

2.3.1 Due to its nominal character, the intentional mood form can only be negated by the particle ئەمەس, which can be followed by nominal personal endings. E.g. :

(مەن) بارماقچى ئەمەس = بارماقچى ئەمەسمەن
(بىز) بارماقچى ئەمەس = بارماقچى ئەمەسمىز
(سەن) بارماقچى ئەمەس = بارماقچى ئەمەسسەن
(سىز) بارماقچى ئەمەس = بارماقچى ئەمەسسىز
(سىلەر) بارماقچى ئەمەس = بارماقچى ئەمەسسىلەر
(ئۇ / ئۇلار) بارماقچى ئەمەس = بارماقچى ئەمەس

2.3.2 For the same reason, the particle ئىدى is used to indicate the past tense when it is in the predicative position in the sentence. The particle ئىدى can be written connected to the preceding constituent.
Compare the following forms :

| Past-negative | Past-positiv |
|---|---|
| بارماقچى ئەمەس ئىدىم = بارماقچى ئەمەسىدىم | بارماقچى ئىدىم = بارماقچىدىم |
| بارماقچى ئەمەس ئىدۇق = بارماقچى ئەمەسىدۇق | بارماقچى ئىدۇق = بارماقچىدۇق |
| بارماقچى ئەمەس ئىدىڭ = بارماقچى ئەمەسىدىڭ | بارماقچى ئىدىڭ = بارماقچىدىڭ |
| بارماقچى ئەمەس ئىدىڭىز = بارماقچى ئەمەسىدىڭىز | بارماقچى ئىدىڭىز = بارماقچىدىڭىز |
| بارماقچى ئەمەس ئىدىڭلار = بارماقچى ئەمەسىدىڭلار | بارماقچى ئىدىڭلار = بارماقچىدىڭلار |
| بارماقچى ئەمەس ئىدى = بارماقچى ئەمەسىدى | بارماقچى ئىدى = بارماقچىدى |

2.4 Interrogative Forms of the Intentional Mood

Interrogative forms of the intentional mood are constructed by application of the interrogative particle مۇ –.

See the charts below :

Future interrogatives :

| Future–negative–interrogative | Future–positive–interrogative |
| --- | --- |
| (مەن) بارماقچى ئەمەسمۇ = بارماقچى ئەمەسمەنمۇ | (مەن) بارماقچىمۇ = بارماقچىمەنمۇ |
| (بىز) بارماقچى ئەمەسمۇ = بارماقچى ئەمەسمىزمۇ | (بىز) بارماقچىمۇ = بارماقچىمىزمۇ |
| (سەن) بارماقچى ئەمەسمۇ = بارماقچى ئەمەسسەنمۇ | (سەن) بارماقچىمۇ = بارماقچىمۇسەن |
| (سىز) بارماقچى ئەمەسمۇ = بارماقچى ئەمەسسىزمۇ | (سىز) بارماقچىمۇ = بارماقچىمۇسىز |
| (سىلەر) بارماقچى ئەمەسمۇ = بارماقچى ئەمەسسىلەرمۇ | (سىلەر) بارماقچىمۇ = بارماقچىمۇسىلەر |
| (ئۇ/ئۇلار) بارماقچى ئەمەسمۇ = بارماقچى ئەمەسمۇ | (ئۇ/ئۇلار) بارماقچىمۇ = بارماقچىمۇ |

Past interrogatives :

| Past–negative–interrogative | Past–positive–interrogative |
| --- | --- |
| بارماقچى ئەمەس ئىدىممۇ = بارماقچى ئەمەسمىدىم | بارماقچى ئىدىممۇ = بارماقچىمىدىم |
| بارماقچى ئەمەس ئىدۇقمۇ = بارماقچى ئەمەسمىدۇق | بارماقچى ئىدۇقمۇ = بارماقچىمىدۇق |
| بارماقچى ئەمەس ئىدىڭمۇ = بارماقچى ئەمەسمىدىڭ | بارماقچى ئىدىڭمۇ = بارماقچىمىدىڭ |
| | بارماقچى ئىدىڭىزمۇ = بارماقچىمىدىڭىز |
| بارماقچى ئەمەس ئىدىڭلارمۇ = بارماقچى ئەمەسمىدىڭلار | بارماقچى ئىدىڭلارمۇ = بارماقچىمىدىڭلار |
| بارماقچى ئەمەس ئىدىمۇ = بارماقچى ئەمەسمىدى | بارماقچى ئىدىمۇ = بارماقچىمىدى |

***Pay attention to the following :***

*a. Personal endings are omitted when personal pronouns are used initially;*

*b. Different positions of 2nd person personal endings in future–positive;*

*c. Different positions of the interrogative particle* مۇ– *in the past interrogative forms, as well as its connection with the particle* ئىدى *when it precedes the latter.*

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

**1. Compose positive and negative present/past progressive forms of the following verbs in all persons :**

سايلا –، ئۆزگەر –، قوي –، كۆت –، ياردەملەش –، چىق –، سۇرۇشتۇر

**2. Compose positive and negative present/past intentional mood forms of the following verbs in all persons**

بار –، ماڭ – كەت –، كەل – ئۆچ –، چۈش –، تۇر –، باشلا –، سايلان –

**3. Read and translate the following sentences into English :**

(1) ئەتە نېمە قىلماقچىسەن؟
(2) (مەن) كەسپىمنى ئۆزگەرتمەكچى ئەمەسمەن.
(3) قەيەرگە بارماقچى بولسىڭىز شۇ يەرگە بېرىڭ.
(4) ئۇلار ئورۇمچىگە قاچان ماڭماقچى؟
(5) (سىز) تېلېفون بەرمەكچىمىدىڭىز؟
(6) ئۇيغۇر تىلى قانداق قىيىن بولسىمۇ ئۆگەنمەكچىمۇسىز؟

(7) (سەن) قەشقەرگە بارماقچى ئەمەسمىدىڭ؟
(8) سەيلىگە چىققاي دېسەم يامغۇر قاتتىق ياغماقتا ئىدى.
(9) بىز ئۇنى سايلىماقچى ئەمەسىدۇق.
(10) پۈتۈن دۇنيا بويىچە ھاۋا قاتتىق ئۆزگەرمەكتە.

**4. Translate the following sentences in to Uighur:**

1) If you want to buy an old car, buy mine.
2) Does she want to marry that loafer?
3) Do the pick-pockets want to change their profession?
4) Do you want to threaten me?
5) What do you want to study in Tarim?
6) I want to buy an ordinary house.
7) I am not going to leave now.
8) Did you not want to call me first?
9) We wanted to go to their home, but they were not home (as we learned).
10) The storm was blowing hard that night.

**5. Compose 5 – 10 sentences in the intentional mood using the new verbs in this lesson.**

**6. Write a composition applying the progressive and intentional forms of the verbs as possible.**

**7. Read the following with the help of your dictionary.**

ئۆي ئىجارىگە ئېلىش

ئەكبەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆي ئىزدەۋاتقان كۈنلەردە بىرى ئۆيىنى ئىجارىگە بەرمەكچى ئىكەن. ئۇلار شۇ ئۆيىنى كۆرۈش ئۈچۈن بارىدىكەن. لېكىن ئېلاندا: «بۇ ئۆيىنى بالىسى يوق كىشىلەرگە ئىجارىگە بەرمەكچى» دەپ يېزىلغان ئىكەن. ئەكبەرنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇنى كۆرگەندىن كېيىن: «بىزنىڭ بالىمىز بار. بىزگە بەرمەيدىكەن» دەپ كېتىدىكەن. ئاتا - ئانىسىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەمدى توققۇز ياشقا كىرگەن ئەكبەر ئۆيىنى ئىجارىگە بەرمەكچى بولغان ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا بارىدىكەن - دە:

— ئۆيىڭىزنى مەن ئىجارىگە ئالاي. مېنىڭ بالام يوق، ئاتا - ئانام بار، - دەيدىكەن.

① This anecdote is adapted from «كۈندە بىر كۈلكە» (A laughter a Day), Xinjiang People's Health Publishing House, 2003, Urumqi. V.1, p.67

# يىگىرمە ئىككىنچى دەرس

# Lesson Twenty-Two

## «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»

ئادەم ياش ۋاقتىدا ئاجايىپ خىياللارنى قىلىدىكەن. قېرىغاندا ئويلانساڭ، بۇ خىياللار قىزىق تۇيۇلىدىكەن.

مەن يېڭى ئۆيلەنگەن كۈنلەردە شۇنداق خىياللارنى قىلاتتىم:

بىر ئوغلۇم بولسا، ئوغلۇم ئۈچۈن چىرايلىق بىر بۆشۈك ياساتسام، ئوغلۇمنىڭ تىلى چىقسا، ھەر قېتىم ئىشتىن كىرگەندە «دادا! دادام!» دەپ ئالدىمغا يۈگۈرسە، مەن ئۇنى ئەركىلەتسەم، ئويناتسام، كۈلدۈرسەم ...... ئوغلۇمغا بېيجىڭ، شاڭخەيلەردىن ئېسىل ئويۇنچۇقلارنى ئالدۇرسام، بالام مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە ئۇنى شەھەر بويىچە ئەڭ ياخشى مەكتەپتە ئوقۇتسام، كېيىن ئۇنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئالىي ئۇنىۋېرسىتېتلاردا، ھەتتا چەت ئەللەردە ئوقۇتسام. ئوغلۇم كاتتا ئالىم بولسا، بىزگە چەكسىز شادلىقلار كەلتۈرسە. كېيىن ئوغلۇمنى ئۆيلىسەم، چوڭ توي قىلسام ......

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئارزۇلۇق ئوغلۇممۇ تۇغۇلدى. ئايلار، يىللار ئۆتتى. ئىككىنچى بالام — قىزىممۇ تۇغۇلدى. ئۇنىڭغىمۇ مەخسۇس بۆشۈك ياساتقۇزدۇم. ياپونىيە، روسىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە ئامېرىكىلاردىن ئېسىل قونچاقلارنى ئالدۇردۇم.

ئىككى بالامنى ياخشى يەسلىلەردە باقتۇردۇم، ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇتتۇم.

يىللار ئۇچقاندەك تېز ئۆتتى. بالىلار چوڭ بولدى. ئون يىل ئىلگىرى ئوغلۇمنى ئۆيلىدىم. بەش يىل بۇرۇن قىزىمنىڭمۇ تويىنى قىلدىم. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى — نەۋرىلىرىم تۇغۇلدى. بۇ چۈجە-خورازلار «بوۋا ... بوۋا ... » غىمۇ تويدۇردى.

ئاپام دائىم: «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دەيتتى. راست ئىكەن. ھايات ماڭا ھەممە «تاغ» لارنى كۆرسەتتى.

مانا ئەمدى ئۆزۈمنىڭ يېشىممۇ بىر يەرگە يەتتى. تەقدىر ماڭا ئەمدى قايسى «تاغ» لارنى كۆرسىتەدۇ؟ ئۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

## ياقتۇرۇلمىغان يىگىت

— ئۇ يىگىتنى ياقتۇرمىدىڭمۇ؟
— ئۇ گۇمۇشنىڭ نېمىسىنى ياقتۇرىمەن؟
— بىر ئوبدان بالىغۇ؟ پاكىز كىيىنگەن ......
— ئوغۇل بالا دېگەن پاكىز كىيىنسىلا بولامدۇ؟
— ئۇ ئەقىللىق ......
— ئەقلى قۇرۇسۇن!
— ئۇ ئەدەپلىك ......
— ئەدىپىنى نەگە ئاپارسا ئاپارسۇن!
— ئەمىسە ئۇ يىگىتنىڭ نېمىسىنى ياراتمىدىڭ؟
— ئۇ بىر نېمەڭ ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان «قۇتادغۇبىلىگ» بىلەن ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان «ناۋايى شېئىرلىرى» دىن باشقىنى بىلمەيدىكەن. يا ئادەمنى ئوينىتىشنى بىلمىسە، يا قىزىق گەپلەر بىلەن ئادەمنى كۈلدۈرۈشنى بىلمىسە.
— مۇنداق دە؟ مەيلى. سېنى كەچكىچە ئوينىتىدىغان بىكار تەلەپتىن بىرنى تاپارسەن.

## Vocabulary

1. mountain
2. far, distant
3. amazing, curious, extraordinary, wonderful
4. to get/grow old
5. *reflexive of* ئويلا- " to think, consider "
   *reflexive-causative of* ئويلا- " to think, consider "
6. *passive of* - تۇي " to feel, sense, notice "
7. longed for; loved (< ئارزۇ " *wish, desire, hope* " )
8. cradle, baby bed
9. *causative of* - ياسا " *to make, build; fix; decorate* "
   *double causative of* - ياسا
10. to begin to speak (of a child)
11. time (occurrence of an action); occasion
12. to run; rush; hurry
13. to amuse someone with soft touches or words
14. *causative of* ئوينا- " *to play* "
15. *causative of* - كۈل " *to laugh* "
16. the largest Chinese city on the east coast
17. toy (< ئويۇن " *play; game* " )
18. to get (*causative of* - ئال " *to take; buy; get* "
19. to reach; to be enough
20. to teach; to send... to school (causative of - ئوقۇ)
21. country; nation
22. high; lofty; of a high quality/standard
23. even, even though
24. foreign country
25. big, great, tremendous
26. endless, infinite, boundless (< چەك " *limit* " )
27. to bring; to offer (<causative of - كەل " *to come* " )
28. wedding; celebration ceremony; festival
29. to get married; to arrange a weddig/festival
30. special; especially
31. Japan
32. Russia
33. Germany
34. France
35. doll, puppet

## سۆزلۈك

تاغ
يىراق
ئاجايىپ
قېرى -
ئويلان - (ئويلا - ن - )
ئويلاندۇر - (ئويلا - ن - دۇر - )
تۇيۇل - (تۇي - ۇل - )
ئارزۇلۇق (ئارزۇ + لۇق)
بۆشۈك
ياسات - (ياسا - ت - )
ياساتقۇز - (ياسا - ت - قۇز- )
تىلى چىق -
قېتىم
يۈگۈر -
ئەركىلەت - (ئەركىلە - ت - )
ئوينات - (ئوينا - ت -)
كۈلدۈر - (كۈل - دۈر - )
شاڭخەي
ئويۇنچۇق (ئويۇن + چۇق)
ئالدۇر - (ئال - دۇر -)
يەت -
ئوقۇت - (ئوقۇ - ت - )
مەملىكەت
ئالىي
ھەتتا
چەت ئەل
چەكسىز (چەك + سىز)
كەلتۈر - (كەل - تۈر - )
توي
توي قىل -
مەخسۇس
ياپونىيە
رۇسىيە
گېرمانىيە
فرانسىيە
قورچاق
يەسلى

باقتۇر ـ (باق ـ تۇر ـ )

36. kindergarten

ئىلگىرى (= بۇرۇن)

37. *causative of* ـ باق " to take care; feed; raise "

كەين

38. before

نەۋرە

39. back, behind

چۈجە ـ خوراز

40. grandchild

تويدۇر ـ (توي ـ دۇر ـ )

41. a chick-cock, used to describe little children who are noisy

دائىم

42. causative of ـ توي " to be full; to have enough; hate "

هايات

43. always

كۆرسەت ـ (كۆر ـ سەت ـ )

44. life; alive

تەقدىر

45. to show (< *causative of* ـ كۆر " *to see* " )

قايسى

46. destiny, fate

ياقتۇر ـ (ياق ـ تۇر ـ)

47. which, which one

گوموش

48. to like; enjoy (*causative of* ـ ياق " *to be pleased with* " )

پاكىز

49. slow, dull; dolt

كىيىن ـ (كىي ـ ن ـ )

50. clean; pure

ئەقىل * (ئەقلىم، ئەقلىڭ، ئەقلى ...)

51. to get dressed (reflexive of ـ كىي " *to put on, to wear* "

52. intelligence, wisdom

ئەقىللىق (ئەقىل + لىق)

53. smart; clever (< ئەقىل " *intelligence, wisdom* " )

قۇرۇ ـ

54. to dry; to dry up

ئەدەپلىك (ئەدەپ + لىك)

55. courteous (< ئەدەپ " *manners, courtesy* " )

ئاپار ـ

56. to carry over; to take away

يارات ـ (يارا ـ ت ـ)

57. to like (causative of ـ يارا " *to be liked; to be suitable* " )

پۇشۇر ـ (پۇش ـ ۇر ـ)

58. causative of ـ پۇش " to be unhappy/worried/bored "

«قۇتادغۇبىلىگ»

59. a literary master-piece by Yusuf Has Hajib of 11th century

زېرىكتۈر ـ (زېرىك ـ تۈر ـ )

60. to bore, annoy (*causative of* ـ زېرىك " *to be bored* " )

ناۋايى

61. a distinguished Turkic poet of 15th century

شېئىر

62. poem

يا ... يا ...

63. either... or...; neither ... nor...

تاپ ـ

64. to find

## Grammar  گرامماتىكا

### I Voice Forms of the Verb

#### 1. Passive voice

1.1 The passive voice form of the verb is constructed by applying the passive voice suffix - ل / - ىل / - ۇل/- ۇل to the positive stem of the verb according to the phonetic status of the final syllable. That is :

*to read > to be read* — ئوقۇ - ل - 〈 ئوقۇل -

*to search > to be searched* — ئىزدە - ل - 〈 ئىزدەل -

*to write > to be written* — ياز - ىل - 〈 يېزىل -

*to study > to be studied* — ئۆگەن - ىل - 〈 ئۆگىنىل -

*to add > to be added* — قوش - ۇل -〈 قوشۇل -

*to give birth > to be born* — تۇغ - ۇل -〈 تۇغۇل -

*to see > to be seen* — كۆر - ۈل - 〈 كۆرۈل -

*to wait (on) > to be entertained* — كۈت - ۈل - ، كۈتۈل -

However , if the final syllable of the verb contains the consonant ل , the passive voice suffix -ل- / - ىل - / - ۇل - / - ۈل - takes the form of - ن - / - ىن - / - ۇن - / - ۈن - accordingly :

*to start > to be started* — باشلا - ن - ، باشلان -

*to speak > to be spoken* — سۆزلە - ن - ، سۆزلەن -

*to do > to be done* — قىل - ىن - ، قىلىن -

*to take > to be taken* — ئال - ىن - ئېلىن -

*to divide > to be divided* — بۆل - ۈن - ، بۆلۈن -

**Notes :**

(1) The passive voice suffix can only be added to transitive verbs.

(2) When the passive voice suffix ل -° / ن -° is added to the verbs - دە 'to say', - يە 'to eat' and - يۇ 'to wash', an extra consonant - ي - is inserted before the voice suffix. See the examples below :

*to say > to be said* — دە - (ي) - ىل - ، دېيىل - (not :- دەل)

*to eat > to be eaten* — يە - (ي) - ىل - يېيىل - (not: - يەل)

*to wash > to be washed* — يۇ - (ي) - ۇل - ، يۇيۇل - (not :- يۇل)

1.2 The passive voice denotes that the grammatical subject of the verbal phrase is the recipient (object) of the action. Functionally it is the same as the passive tense form in English.

مەن بۇ كىتابنى بۇلتۇر يازغان. <  > بۇ كىتاب بۇلتۇر يېزىلغان.

*This book was written last year (by me).* <  > *I wrote this book last year.*

**2. The Reflexive Voice**

2.1 The reflexive voice form of the verb is constructed by applying the reflexive voice suffix - ن - / - ىن - / - ۇن - / - ۈن - to the positive stem of the verb according to the phonetic status of the final syllable. E.g. :

ياسا - ن - > ياسان -
*to make > to make oneself up; to dress up*

كىي - ىن - > كىيىن -
*to dress > to get oneself dressed*

يۇ (ي) - ۇن - > يۇيۇن -
*to wash > to wash oneself*

كۈت - ۈن - > كۈتۈن -
*to wait (on) > to take care of oneself*

Compare the reflexives above with the passives below :

ياسا - ل - > ياسال -
to make > to be made

كىي - ىل - > كىيىل -
to dress > to be dressed/put on (of a clothing)

يۇ (ي) - ۇل - > يۇيۇل -
to wash > to be washed

كۈت - ۈل - > كۈتۈل -
to wait (on) > to be entertained

**Note** that the reflexive forms of certain verbs may occur in the - لْ - form (like the passive) rather than in the - نْ - form. For Example :

ئاچ - ىل - > ئېچىل -
*to open > to be opened* passive

ئاچ - ىل - > ئېچىل -
*to open > to be open (e.g. emotionally)* reflexive

Such - لْ - forms of the reflexive and the - نْ - forms of the passive cause certain overlapping in the two forms. The semantic distinction depends on the context.

2.2 The reflexive voice indicates that the subject of the action is also the recipient (the object) of the action.

ئۇ تويغا بېرىش ئۈچۈن چىرايلىق كىيىندى.

*She dressed nicely to go to the wedding.*

**3. The Reciprocal Vice**

3.1 The reciprocal voice form of the verb is constructed by applying the reciprocal voice suffix - ش - / - ىش - / - ۇش - / - ۈش - to the positive stem of the verb according to the phonetic status of the final syllable. For ecample :

*to speak > to speak with/to each other* — سۆزلە – ش –> سۆزلەش –

*to write> to write to each other or together* — ياز – ىش – > يېزىش –

*to wash > to wash with/helping someone* — يۇ (ي) – ۇش – > يۇيۇش –

*to see > to meet each other; to see together* — كۆر – ۈش – > كۆرۈش –

3.2 The reciprocal voice expresses the mutual or common action of two or more subjects.

دوستۇم بىلەن كومپيۇتېردا خەت يېزىشىمىز.

*My friend and I write to each other by computer.*

**4. The Causative Voice**

4.1 The causative voice form of the verb denotes the completion of the action through another object or causing the completion of the action by other means.

قىزىم ئۈچۈن ئامېرىكىدىن ئېسىل قورچاقلارنى ئالدۇردۇم.

I (made/caused) precious dolls to be brought from America for my daughter

4.2 The construction of the causative form is rather complex. Therearefour different sets of suffixes which , in accordance with the phonetic status of the final syllable , are applied to the positive stem of the verb. They are :

(1) –ۇر – / – ۈر ;

(2) – ت – ;

(3) –غۇز –/قۇز –/گۈز –/ كۈز – ;

(4) –دۇر – /– تۇر /–دۈر / تۈر – ;

4.2.1 The suffix –ۇر–/–ۈر– is applied to the verbs ending in the consonant چ:

*to make/ cause /allow someone to open* — ئاچ – ۇر – > ئاچۇر

*to make/cause/allow someone to fly* — ئۇچ – ۇر – > ئۇچۇر

*to have/cause/allow someone to drink* — ئىچ – ۈر – > ئىچۈر –

4.2.2 The suffix – ت –can be applied to verbs of two or more syllables ending in any vowel or consonants ر or ي :

*to make/cause someone to read/study* — ئوقۇ – ت –> ئوقۇت –

*invite someone through someone else* — چاقىر – ت –> چاقىرت –

*to cause to get less/lower* — پەسەي – ت –> پەسەيت –

**Exceptions :**

(1) The causative form of the verb -كۆر 'to see' is rather unique :

*to see > to cause someone to see = to show* كۆر - > كۆرسەت -

(2) The following verbs ended in the consonant ر but do not follow this rule and require the suffix of group (3), i.e. -غۇز/-قۇز/-گۈز/-كۈز:

*to make/cause/allow someone to sit* ئولتۇر - غۇز - > ئولتۇرغۇز -
*to make/cause/allow someone to take over* ئاپار - غۇز - > ئاپارغۇز -
*to have/cause/allow someone to bring in* ئەكىر - گۈز -> ئەكىرگۈز -
*to make/cause/allow someone to wipe/remove* ئۆچۈر - گۈز - > ئۆچۈرگۈز -

4.2.3 The suffix -غۇز / - قۇز / -گۈز/ -كۈز - can be applied to the positive stems of monosyllabic verbs ending in a vowel or consonant ر , as well as to any verb ending in the consonant ت :

*to make/cause/allow someone to wash* يۇ - غۇز ->يۇغۇز -
*to cause/cause/allow someone to go* بار - غۇز ->بارغۇز -
*to make/cause/allow someone to lie down* يات - قۇز -> ياتقۇز -
*to make/cause/allow someone to give* بەر - گۈز -> بەرگۈز -
*to make/cause/allow someone to use* ئىشلەت -كۈز-> ئىشلەتكۈز -

**Exception** : the following verbs ending in the consonant ت do not follow this rule. They take the suffix of the group (4), i.e. -دۇر / -تۇر/ -دۈر/ -تۈر - and may occur in merged form :

" *to return ; to give back*" قايتۇر -> قايت - تۇر : " *to be back*" - قايت
" *to cause to solidify*" قاتۇر -> قات - تۇر : " *to solidify*" - قات
" *to cause to be loaded; to surpass*" ئارتۇر > ئارت - تۇر : " *to load*" - ئارت
" *to lose* " يىتتۈر = يىت - تۈر : " *to be lost*" - يىت

4.2.4 The suffix -دۇر/-تۇر/-دۈر/-تۈر - can be applied to the positive stems of the verbs ended in voiced consonants ل, م, ن, ز, گ, غ, ڭ, unvoiced consonants ك, ق, ش, س, پ or to monosyllabic verbs ending in consonant ي :

*to make/cause/allow to leave/walk* ماڭ - دۇر -> ماڭدۇر-

*to have/cause/allow to be mixed/involved* ئارىلاش - تۇر> - ئارىلاشتۇر -

*to have/make someone to be married* ئۆيلەن - دۇر ->ئۆيلەندۇر-

*to make/allow someone to cut* كەس - تۇر ->كەستۇر -

*to make/cause someone to be full/to be sick of* تويى - دۇر -، تويدۇر -

**Exceptions**:

(1) The verbs - كەل and - ئۆل which end in the voiced consonant ل take the unvoiced variant -تۇر- instead of the voiced variant - دۇر - .E.g.:

*to make/cause/allow someone to come; to present* كەل - تۇر- كەلتۇر-

*to make/cause/allow someone to die; to kill* ئۆل - تۇر -> ئۆلتۇر -

(2) The following verbs are irregular:

قورق -> قورقۇت - چىق -> چىقار - قوپ -> قوپۇر -

چۈش -> چۈشۈر- ئاش -> ئاشۇر-

پىش -> پىشۇر

سۇن① -> سۇنغۇز- پۇش -> پۇشۇر-

(3) A few verbs, such as - تام 'to drip', - ئەم 'to suck', - ئاق 'to flow, leak', may have two different causative forms of the same/similar meaning:

تام - ، تېمىت = تامدۇر - ئەم -> ئېمىت = ئەمدۇر - ئاق -> ئېقىت = ئاقتۇر

## 5. The Overlapping of Voice Suffixes

Voice suffixes can be overlapped. See the examples of - ياسا "*to make*":

1) Stem - reflexive - causative: ياسا - ن - دۇر -> ياساندۇر -

*'to cause someone to dress/make up oneself*

2) Stem - causative - causative: ياسا - ت - قۇز - > ياساتقۇز -

*'to make someone have something done by someone else'*

3) Stem - causative - passive:

*'to be cooked'* پىش - ۇر - ۇل -> پىشۇرۇل -

---

① The word - سۇن here refers to 'hand over, extend' - سۇن, but not to 'to be broken' - سۇن. The latter follows the rule: 'to cause something to be broken = to break' - سۇن - دۇر = سۇندۇر .

6. Application of the Negative Suffix to voice forms

The voice form of the verb reveals the feature of a secondary stem, and hence can be negated as the verbal stem by applying the negative suffix ـما/ ـ مە after the voice suffix. E.g.:

ياسال ــ> ياسالما ــ؛ ياسان ــ> ياسانما؛ ياسات ــ > ياساتما؛ ــ ياساتقۇز ــ > ياساتقۇزما ــ

II Derivational Suffix ±چۇك/ ± چۇق/ ± چەك/ ± چاق

The derivational suffix ±چۇك / ± چۇق/ ± چەك / ± چاق derives nominals from verbal and nominal stems. E.g.:

ئويۇن *(game; play)* +چۇق > ئويۇنچۇق *(toy)*
ياخشى *(good)* +چاق > ياخشىچاق *(yes -yes man/personality)*
ياسان *(to dress oneself)* + چۇق > ياسانچۇق *(one who enjoys dressed up)*
تارتىن *(to feel embarrassed)* + چاق > تارتىنچاق *(shy)*

Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1. Construct passive, reflexive and reciprocal forms of the following verbs:

كۆر ــ، ئال ــ، كىي ــ، سۆي ــ، قىل ــ، ساقلا ــ، سورا ــ، ئىزدە ــ، بىل ــ، تۆلە ــ

2. Construct the causative forms of the following verbs:

ئال ــ، بەر ــ، كىر ــ ، ئاقار ــ، چاقىر ــ، سۆي ــ، بىل ــ، ياز ــ، ئىچ ــ، ئۆت ــ، تۇت ــ

3. Analyze the structure of the following complex voice forms:

ئىشلەتكۈز ــ، كۆرسىتىل ــ، چۈشەندۈرۈل ــ، ئۇچراشتۇرۇل ــ، سايلاتقۇز ــ، كەلتۈرۈل ــ، ئېچىلدۇرۇل ــ، سوراشتۇرۇل ــ، يادلاتقۇزۇش ــ، تۆلەتكۈز ــ، قالدۇرۇل ــ

Example:

باقتۇرغۇزۇل – باق stem – تۇر caus – غۇز caus – ۇل pass

4. Read and translate the following questions into English, then answer to each question in Uighur.

(1) سىزگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى قىلدىڭىزمۇ؟
(2) قەشقەرلىك دوستىڭىزغا ئۇيغۇرچە خەت يازدۇردىڭىزمۇ؟
(3) بالىڭىزنى مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتامسىز؟
(4) ئۇ ساڭا نېمىنى كۆرسەتتى؟
(5) بۇ خەۋەر تېلېۋىزوردا ئاڭلىتىلدىمۇ؟
(6) مېھمانلار ۋاقتىدا كېلىشتىمۇ؟ تاماقلار ياخشى يېيىلدىمۇ؟
(7) سەن ئۇنى ماڭدۇرمىدىڭمۇ؟

(8) مۇشۇكۇچگە ھەر كۈنى دورا ئىچۈرۈۋاتامسەن؟
(9) ھەدەڭ بالىسىنى قەيەردە باقتۇرۇۋاتىدۇ؟
(10) سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلاردا ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇلۇۋاتامدۇ؟

5. Translate the following sentences into Uighur:

1) How is this written in Uighur?
2) Is it annoying you?
3) He bored us with his stories (ھېكايە)
4) I did not like him at all (*use habitual past*).
5) I will not let you go anywhere.
6) Today is a holiday. All the boys and girls were dressed well.
7) Do not let him notice it.
8) Did you get your car fixed?
9) What shall we have ordered for dinner?
10) I did not like her new dress.

6. Compose sentences applying the given verbs in different voice forms:
ياقتۇر ـ، يېزىش ـ، ئالدۇرغۇز ـ، تويدۇر ـ، كىيىل ـ، قۇرۇت ـ، ياسان ـ

7. Read the following story with the help of your dictionary:

ۋارقىرىشىمەن

ـ مۇئەللىم، ماڭا بۈگۈن رۇخسەت بەرسىڭىز؟
ـ نېمە ئۈچۈن؟
ـ ئاكام دوختۇرغا كۆرۈنمەكچى؟
ـ خوش؟
ـ ئاكام چىشىنى تارتقۇزماقچى.
ـ ئاكاڭ چىشىنى تارتقۇزسا، سەن نېمە قىلىسەن؟
ـ ئاكام بىلەن تەڭ ۋارقىراشمامدىمەن؟!

8. Write a composition applying different voice forms of the verb.

# Lesson Twenty - Three يىگىرمە ئۈچىنچى دەرس

## «مۇنەۋۋەر كادىر» ۋە ھاراق ①

تۈنۈگۈن بىر ئىشنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە ماڭغىلىۋاتاتتىم. ئىشىك ئالدىدا ئىككى خىزمەتدىشىم ئۇچراپ ماڭا سالام بەردى. مەنمۇ ئۇلارغا سالام بېرىپ ئەھۋال سورىدىم. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولتۇقىدا شەرەپ گۇۋاھنامىسى بار ئىدى. ئۇ «مۇنەۋۋەر كادىر تەقدىرنامىسى» ئىكەن. مەن بۇ خىزمەتدىشىمنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلىدىم.

— مۇبارەك بولسۇن! سىز تىرىشىپ ياخشى ئىشلىگەچكە، مانا بۇ شەرەپكە ئېرىشتىڭىز.

ئەپسۇس، رەھمەتنىڭ ئورنىغا بۇ كىشى:

— بۇنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ بۇنىڭغا قوشۇپ ھېچبولمىغاندا 50 يۈەن بەرسىچۇ. بىر بوتۇلكا ھاراققا يارىمايدىغان بۇنداق مۇكاپاتنى نېمە قىلىمەن؟ — دەپ جاۋاب بەردى.

— شۇنداق، بۇنىڭ ئورنىغا 50 يۈەن بەرگەن بولسا ئىككى بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ ئىچەتتۇق، — دەپ قوشۇلدى ئۇنىڭ ھەمراھى.

مەن بۇ ئىككىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ھەيران بولدۇم. دۇنيادا ھەرقانداق ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. بىر ئادەم ياخشى ئىشلەپ، خىزمىتىدە نەتىجە يارىتىپ، كەسپداشلىرىنى ۋە تەشكىلنى قايىل قىلسا ئاندىن بۇ خىل «مۇنەۋۋەر كادىر» دېگەن نامغا ئېرىشىدۇ. بۇ بىر خىل شەرەپ. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ بۇنداق زور شەرەپنى ئىككى بوتۇلكا ھاراققا تەڭ قىلماي دېگەن گەپلىرى مېنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. «دۇنيادا مۇنداق ئادەملەرمۇ بولىدىكەن - ھە؟!» دېدىم ئىچىمدە.

## Vocabulary سۆزلۈك

| | |
|---|---|
| 1. outstanding, excellent, top | مۇنەۋۋەر |
| 2. cadre, public official | كادىر |
| 3. alcoholic drink; wine; liquor | ھاراق |
| 4. to take off (from work) | ئىشتىن چۈش - |
| 5. work; job; occupation; service | خىزمەت |
| 6. colleague; fellow worker | خىزمەتداش (<خىزمەت + داش) |
| 7. to greet | سالام بەر - |
| 8. circumstance; condition; situation; state of affairs | ئەھۋال |
| 9. to extend greetings to (*lit: ask about one's being*) | ئەھۋال سورا - |
| 10. armpit; underarm | قولتۇق |
| 11. honor; glory | شەرەپ |
| 12. a certificate (< گۇۋاھ "*testimony*") | گۇۋاھنامە (گۇۋاھ + نامە) |
| 13. certificate of award/honor/credit (< تەقدىر "*award*") | تەقدىرنامە (تەقدىر + نامە) |

① This story is adapted from a story published in «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى», February 25, 2005, p.6.

14. true; sincere — چىن
15. wholehearted; heartfelt; sincere — چىن كۆڭۈل
16. to congratulate (< تەبرىك "*congratulation*") — تەبرىكلە - (<تەبرىك + نامە)
17. Congratulation ! — مۇبارەك بولسۇن!
18. to make an effort; try hard; exert oneself — تىرىش -
19. to gain; to obtain; achieve — ئېرىش -
20. unfortunately; (it is a) pity; regretfully — ئەپسۇس
21. instead of — N + نىڭ ئورنىغا
22. need, necessary; useful; usefulness — كېرەك
23. at least — ھېچبولمىغاندا (ھېچ بول - ما غان + دا)
24. bottle — بوتۇلكا
25. to be useful/enough for — يارا -
26. prize; award; trophy — مۇكاپات
27. to agree; to approve; to join (reflex. of - قوش "*to add*") — قوشۇل - (<قوش - ۇل -)
28. companion; friend — ھەمراھ
29. any/all kind of — ھەرقانداق
30. result; achievement; success — نەتىجە
31. to create; to achieve — يارات -
to achieve a success — نەتىجە يارات -
32. a person of the same occupation/trade — كەسىپداش (<كەسىپ + داش)
33. organization; office; organ; body — تەشكىل
34. to be convinced; submit — قايىل
35. to convince — قايىل قىل -
36. then; after; afterwards — ئاندىن (<ئۇنىڭدىن كېيىن)
37. name; title; repute; reputation; fame — نام
38. but; howeve; nevertheless — ئەمما
39. big; huge; great; gigantic; tremendous; immense — زور
40. to equate; place in a pare — تەڭ قىل - (<تەڭ)
41. to astonish; to be in dumbstruck — ھاڭ - تاڭ قال -

## Grammar گراماتىكا

### I The Converb

The converb is an adverbial form of the verb, which can function as an adverb in a syntactic structure modifying the following verb or a verbal phrase Howeuer, converbial suffixes do not derive an adverb from a verbal stem; they merely add an ad-verbial function. The verbal stem still preserves its syntactic feature as a verb.

1. The Converb - perfective

1.1 The converb - perfective is constructed by applying the suffix پ° - to a positive stem of the verb, which may occur in the forms of ـۇپ/ـۈپ/ـىپ/ـپ in accordance with the phonetic status of the final syllable of the verb.

The negative form of converb - perfective suffix پ° - is ـمەي/ـماي.

| negative stem | positive stem |
| --- | --- |
| ئىشلە ـ مەي > ئىشلىمەي | ئىشلە ـ پ > ئىشلەپ |
| سايلا ـ ماي > سايلىماي | سايلا ـ پ > سايلاپ |
| ئوقۇ ـ ماي > ئوقۇماي | ئوقۇ ـ پ > ئوقۇپ |
| ئال ـ ماي > ئالماي | ئال ـ ىپ > ئېلىپ |
| كەل ـ مەي > كەلمەي | كەل ـ ىپ > كېلىپ |
| تاپشۇر ـ ماي > تاپشۇرماي | تاپشۇر ـ ۇپ > تاپشۇرۇپ |
| كۆر ـ مەي > كۆرمەي | كۆر ـ ۈپ > كۆرۈپ |

1.2 The converb – perfective form of the verb is mainly used to indicate the completion of one or more actions prior to the final action in consecutive actions executed by the same subject. On many occasions a verb in the converb – perfective form indicates the reason, purpose or the condition for the completion of the final action.

For example:

دادام بىر يېڭى كومپيۇتېر ئېلىپ ماڭا بەردى.

*My father bought a new computer and gave (it) to me.*

In the example sentence above, the subject دادا executed two consecutive actions :ـ ئال, and ـ بەر. The verb ـ ئال, occurring in the converb – perfective form of ئېلىپ, expresses that it took place prior to the final action ـ بەر in order to fulfill the purpose of the latter.

Check the following examples:

ئۇ يوغان ئىتنى كۆرۈپ قورقتىڭىزمۇ؟

*Were you scared seeing that big dog?* (Reason)

سىڭلىم ھەر كۈنى ناشتا قىلماي مەكتەپكە كېتىدۇ.

*My sister goes to school without having breakfast every day.* (Condition)

بالىلىرىم تۇغۇلمايلا ئىككى بۆشۈك ياساتتىم.

*I had two cradles made when my children were not born yet.* (Cause)

1.3 Similarly, if several actions were taken by the same subject, only the verb expressing the final action takes the predicative form, while the preceding ones occur in the form of converb–perfective. E.g.:

ئۇ بۈگۈن سەھەر تۇرۇپ، چىرايلىق كىيىنىپ، دوستىنىڭ تويىغا ماڭدى.

*He got up early today, got dressed nicely and left for his friend's wedding.*

The same subject ئۇ has taken these three actions ـ تۇر, ـ كىيىن and ـ ماڭ consecutively, among which only ـ ماڭ takes the predicative form of ماڭدى.

2. The Converb – Objective

2.1 The converb – objective expresses the aim of the main action indicated by the final verb.

2.2 The converb – objective is constructed by attaching the suffix /گىلى/-قىلى/ - غىلى/ - كىلى / to the verbal stem in accordance with the phonetic status of the final syllable of the verb. Normally, it is applied to the positive stem only. E.g.:

داۋىد ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگىلى شىنجاڭغا كەتتى.

*David left for Xinjiang to study Uighur.*

In this example it is expressed that the aim of the main action – كەت is – ئۆگەن.

2.3 The suffix – ۋات° – of the continues aspect can be applied to the converb – objective form. This complex form expresses the presence of an aim or intention of the subject toward the action. E.g.:

داۋىد ئۈرۈمچىگە ئەتە ماڭغىلىۋاتىدۇ.

*David is about to leave for Urumqi tomorrow.*

داۋىد ماڭا تېلېفون بەرگەندە مەن مەكتەپكە ماڭغىلىۋاتاتتىم.

*When David called me, I was about to leave for school.*

3. The converb – Concurrent

3.1 The converb – concurrent expresses an action which took place concurrently with the main action expressed by the final verb.

3.2 It is constructed by attaching the suffix -كەچ / -گەچ / -قاچ /-غاچ to the positive verbal stem according to the phonetic status of the final syllable of the verb.

ئىككىمىز چاي ئىچكەچ چىرايلىق پاراڭلاشتۇق.

*The two of us had a nice talk while we were drinking tea.*

Two actions – ئىچ and – پاراڭلاش executed by the same subject ئىككىمىز have taken places concurrently.

4. The Converb – causative

4.1 The converb – causative expresses an action which caused the final action.

4.2 It is formed by attaching the suffix -كەچكە/-گەچكە /-قاچقا/-غاچقا to the positive and the negative verbal stem according to the phonetic status of the final syllable of the verb.

بۈگۈن يامغۇر قاتتىق ياغقاچقا ھېچنەگە بارمىدۇق.

*Due to the heavy rain, we did not go anywhere today.*

داۋىد ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلمىگەچكە بوۋاينىڭ گېپىنى چۈشەنمىدى.

*Because David does not know Uighur well, (he) did not understand what the old man said.*

5. The Converb – enhancive

5.1 The converb – enhancive expresses a gradual change in the manner or quality of

an action which will cause or influence the improvement/progression of the final action.

5.2 The converb – enhancive is constructed by applying the suffix ـكەنسىرى /ـگەنسىرى /ـقانسىرى /ـغانسىرى to both the positive and negative verbal stems according to the phonetic status of the final syllable of the verb.

داۋىد ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكەنسىرى ياخشى سۆزلىشەلىدىغان بولدى.

*David could communicate better as he kept conversing in Uighur.*

II Derivational Suffix نامە +

Derivational suffix نامە +, which is adopted from Persian and expresses the meaning of "letter, certificate", derives nouns from nominal stems. E.g.:

تەبرىك "celebration" + نامە > تەبرىكنامە "letter of congratulation"

تەقدىر "award" + نامە > تەقدىرنامە "certificate of award"

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1. Construct the converb – perfective, converb – objective, converb – concurrent, converb – causative and the converb – enhancive forms of the following verbs:

بەر ـ، سورا ـ، ئېرىش ـ، تەبرىكلە ـ، قوش ـ، قوشۇل ـ، يارات ـ، كۆر ـ

Examples:

ياز ـ ىپ > يېزىپ، ياز ـ غىلى > يازغىلى، ياز ـ غاچ > يازغاچ، ياز ـ غاچقا > يازغاچقا، ياز ـ غانسېرى > يازغانسېرى

2. Read and translate the following VP (verbal – phrases) into English:

هۆرمەتلەپ سۆزلە ـ، قاراپ ئولتۇر ـ، يېتىپ يە ـ، ئوقۇپ چۈشەن ـ، كۆرۈپ ئال ـ؛
هۆرمەتلىمەي سۆزلە ـ، سۈرۈشتۈرمەي قوبۇل قىلما ـ، قارىماي ئولتۇر ـ؛
يېتىپ يېمە ـ، ئوقۇپ چۈشەنمە ـ، كۆرۈپ ئالما ـ؛
ئالماي كەلمە ـ، بىلمەي سۆزلىمە ـ؛
يازغىلى باشلا ـ، ئېيتقىلى كەل ـ، كۆرگىلى بار ـ، كەتكىلى چىق ـ؛
ئالغاچ كەل ـ، پاراڭلاشقاچ ماڭ ـ، يېگەچ ئولتۇر ـ، ئىچكەچ سۆزلەش ـ؛
يامغۇر ياغقاچقا، يېڭى كومپيۇتېر ئالغاچقا، 50 يۈەن بەرگەچكە، هاراق ئىچكەچكە؛
يامغۇر ياغمىغاچقا، يېڭى كومپيۇتېر ئالمىغاچقا، 50 يۈەن بەرمىگەچكە، هاراق ئىچمىگەچكە؛
قورققانسېرى قوغلا ـ، يۈرگەنسېرى هار ـ؛
قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى قورق ـ، چۈشەنمىگەنسېرى جىق سۆزلە ـ، ئاڭلىغانسېرى هەيران بول ـ؛
پۇلۇم قالمىغانسېرى ئالغۇم كەل ـ، چاينى قۇيمىغانسېرى ئىچكۈم كەل ـ.

3. Translate the following phrases into Uighur applying converbial forms:

come and go; do not speak without hearing (it); lie down then get up; sit and read;

drink while eating; the more (he) explains, (the more I) could not understand (him/it); there is no money to buy (it); (there is) no hot water to wash (it); come to invite; drink alcohol while playing chess, (I) said (it) because I heard (it); because did not know; I was about to tell him; the longer (I) sit, the more (I am) tired.

4. Read and translate the following sentences into English:

(1) ئۇ كىشى مۇكاپاتنى ئېلىپ خۇشال بولمىدى.
(2) مەن ئىشقا ماڭغىلى ئۆيدىن چىققاندا تالادا يامغۇر يېغىۋاتاتتى.
(3) يامغۇر قاتتىق يېغىۋاتقاچقا ئىشقا تاكسىدا باردىم.
(4) كېلىڭ، پاراڭلاشقاچ بىر چىنىدىن چاي ئىچەيلى.
(5) ياسىن بۇ كىتابنى ئوقۇغانسېرى ياخشى كۆرمىدى.
(6) ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپ، چېيىنى ئىچىپ، سومكىسىنى ئېلىپ مەكتەپكە ماڭدى.
(7) باربارا ئۇيغۇر تىلىنى بىلمىگەچكە ئادىلنىڭ گەپلىرىنى چۈشەنمىدى.
(8) سيۇزەندىن تېلېفون كەلمىگەنسېرى ئارون خاپا بولاتتى.
(9) ئارون سۇمۇ ئىچمەي، تاماقمۇ يېمەي، ئورنىدا ئۈچ كۈن ياتتى.
(10) بىز قەشقەرگە ماڭغىلىۋاتقاندا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، تۇرپاندا يەنە ئىككى كۈن تۇردۇق.

5. Translate the following sentences into English applying converbial forms:

1) He looked at the money (his) mother gave him and got upset.
2) My father and I went to the market to buy a computer for me.
3) Because my father bought a new computer, he gave me the old one.
4) We had a nice talk, while we were eating at a restaurant.
5) The more Bob liked her, the more Barbara hated him.
6) It was raining, wind blowing, a very bad day.
7) He ate a lot at lunch, because he did not eat anything in the morning.
8) When my brother came back from work, we were about to eat dinner.
9) On Saturday I watched TV all day long without reading (a book) and not doing my homework.
10) We stayed in Kashgar three days and got on the road to visit Yakan.

6. Read the following story with the help of your dictionary, and then prepare to retell it in class in your own words.

### تىللا يوپۇرماقلار[1]

ئېگىز - كۆز بولسىمۇ ھاۋا خېلى ئىسسىق ئىدى. باغ ئىچىدە دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىكى تار يولدا

[1] This story is adapted from the story «تىللا يوپۇرماقلار» by تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن from her colleted works of short stories under the same title. Kashgar Uighur Publishing House. 1997. pp. 69 – 72.

گىنە بىر ئەر بىلەن ئوتتۇرا بوي بىر ئايال ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇزاق ماڭغاچقا هارغان ئىدى. بىرەر بوش ئورۇندۇق ئىزدىگەچ ئۇياق - بۇياققا قارىشاتتى. باغچىدا ئادەم ئاز بولغىنى بىلەن بوش ئورۇندۇق كۆرۈنمەيتتى.

بىر چاغدا ئايال باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈن چۈشۈپ تۇرغان يەردە بىر بوش ئورۇندۇقنى كۆردى. ئۇ ئورۇندۇقنىڭ ئالدى ئويمان بولۇپ، ئۇنىڭدا لىق سۇ بار ئىدى. ئۇلار شۇ ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا باردى. ئايال ئىككى خىش تېپىپ كېلىپ ئورۇندۇقنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلار خىشقا دەسسەپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشتى. ئايال ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ياغلىقنى يايدى ۋە سومكىدىن ئۈزۈم، نان، سامسا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ ياغلىقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئېرىنى تەكلىپ قىلدى. ئېرى غىزاغا قارىماي، ئوڭ قولى بىلەن كۆكرىكىنى سىلاپ ئولتۇراتتى.

ئايال ئەنسىرەپ ئېرىگە قارىدى - دە، سومكىسىدىن بىر دورا قۇتىسىنى ئېلىپ بىر دانە تابلېتكىنى ئېرىگە سۇندى. ئېرىنىڭ بارماقلىرى تىترەۋاتاتتى. ئايال دورىنى ئېرىنىڭ ئاغزىغا سالدى. ئەر دورىنى يۇتۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىم ئولتۇردى. ئايال ئەنسىز كۆزلىرىنى ئېرىگە تىكىپ قارايتتى.

بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بىر - بىرىنى گەپ سۆزسىز چۈشىنىدىغاندەك ئىدى. ئۇلار 50 ياشلار ئەتراپىدىكى تەڭتۇشلاردەك كۆرۈنەتتى. ئەرنىڭ ئىككى چېكىسىنى ئازراق ئاق باسقان ئىدى. ئايالنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئاز - تولا قورۇق چۈشكەن ئىدى.

بىر دەمدىن كېيىن ئەرنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، كۈلۈمسىرەپ ئايالىغا:

— ئۆتۈپ كەتتى. ئۆزۈمنى خېلى ياخشى هېس قىلىۋاتىمەن، - دېدى.

— خۇداغا شۈكۈر، بالىلىرىمىزنىڭ ۋە مېنىڭ بەختىم، - دېدى ئايالمۇ چىرايى ئېچىلىپ. ئۇ بىر شىڭگىل ئۈزۈمنى ئېلىپ ئېرىغا ئۇزاتتى. ئېرى ئۇنىڭ يېرىمىنى ئايرىپ، - ئۆزۈڭمۇ يە، — دەپ ئايالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئورۇندۇقتا بىر جۈپ قىز - يىگىت باشلىرىنى بىر - بىرىگە يېقىن قىلىپ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان ئىدى. ئايال ئۇلارنى ئېرىگە كۆرسىتىپ كۈلدى.

— ئېسىڭدىمۇ؟ - دەپ سورىدى ئېرى ئايالىنىڭ سەل قىزارغان يۈزىگە قاراپ.

— نېمە؟

— بىز دەرس تەييارلىغىلى مۇشۇ باغقا كېلەتتۇق.

— هەئە، — ئايال بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇنقى شېرىن كۈنلەرنى ئېسىگە ئېلىپ، قولىنى سوزۇپ ئېرىنىڭ مەڭزىنى سىلىدى.

— ئۇ چاغدا سەن ئورۇققىنە، زىلۋا قىز ئىدىڭ، — دېدى ئەر ئايالىنىڭ بارماقلىرىنى سىلاپ ئەركىلىتىپ.

— سەنمۇ قاملاشقان يىگىت ئىدىڭ.

ئىككىسى كۈلۈشتى. ئۇلار مۇشۇ باغچىدا بىللە يۈرگەن كۈنلەرنى، بىرمۇ بوش ئورۇندۇق تاپالماي دەرەخنىڭ شېخىغا مىنىپ كەچكىچە ئولتۇرغانلىرىنى، تۇنجى قېتىم سۆيۈشكەندىكى هاياجانلىرىنى ئەسلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىشىپ ئۇزاق ئولتۇرۇشتى. شېرىن خىياللار لەززىتى ئۇلارنى ئەسىر قىلغان ئىدى. دەرەخلەردىكى سارغايغان يوپۇرماقلار كۈن نۇرىدا تىللادەك پارقىراپ ئاستا شىلدىرلىشاتتى.

# Lesson Twenty - Four يىگىرمە تۆتىنچى دەرس

## ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ [1]

بىر كىشى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئوغلىنى ئۆزىدىن كېيىن قالسا ئۆز يولىنى تېپىپ ياشالىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماقچى بولۇپتۇ. شۇ مەقسەت بىلەن بىر كۈنى ئوغلىنى ئېلىپ، ئېشىكىنى يېتىلەپ سىرتقا چىقىپتۇ.

ئۇلار پاراڭلىشىپ ماڭا - ماڭا بىر يەرگە كەلگەندە يولدا بىرنەچچە كىشى ئۇچراپ:

- ماۋۇ ئەخمەقلەرگە قاراڭلار، ئېشەكنى يېتىلەپ ئىككىسى پىيادە ماڭغۇچە، بىرەرى ئېشەكنى مىنىپ ماڭسا بولمامدۇ؟ - دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئېشەكنى مىنىپ، بالىسىغا ئېشەكنى يېتىلىتىپ مېڭىپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىرنەچچە كىشى ئۇچراپ:

- ماۋۇ ۋىجدانسىز قېرىغا قاراڭلار، ئېشەككە ئۆزى مىنىپ، كىچىككىنە بالىغا ئېشەكنى يېتىلەتكىنىنى! - دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى دەررۇ ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئېشەككە بالىسىنى مىندۈرۈپ، ئۆزى يېتىلەپ مېڭىپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر نەچچە كىشى ئۇچراپ:

- قاراڭلار ماۋۇ نومۇسسىز بالىغا! ئۆزى ئېشەكنى مىنىپ، ئاپئاق ساقال قېرى دادىسىغا يېتىلەتىپ ماڭغىنىنى! - دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۆزىمۇ بالىسىنىڭ كەينىگە مىنگىشىپتۇ.

بىر ئېشەكنى ئىككى ئادەم مىنىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن كىشىلەر:

- ھوي، ماۋۇ ئىنساپسىزلارغا قاراڭلار، بىر ئېشەككە ئىككىسى مىنىپ، بىچارە ئېشەككە ئۇۋال بوپتۇ! - دېيىشىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ - دە، بالىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ:

- كۆردۈڭمۇ بالام؟ ھەرقانداق ئىش قىلساڭ كىشىلەر بىر نېمە دەيدۇ. مەندىن كېيىن قالساڭ، بىر ئىش قىلغىلىۋاتقاندا ئالدى بىلەن خۇدادىن، ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ ۋىجدانىڭدىن سورا. كىشىلەر ھەر نېمە دەيدۇ. باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قارساڭ ئۆزۈڭنىڭ ماڭىدىغان يولۇڭنىمۇ تاپالمايسەن، - دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

## Vocabulary سۆزلۈك

| | | |
|---|---|---|
| 1. | anyone; everyone; whoever | ھەركىم |
| 2. | anything; everything; whatever | ھەر نېمە |
| 3. | life; alive | ئۆمۈر * (ئۆمرۈم، ئۆمۈرۈڭ، ئۆمرىڭىز ...) |
| 4. | lit.: to be left behind (idiom.: to live after ones' death) | N + دىن كېيىن قال - |
| 5. | to live | ياشا - |
| 6. | to advise; to urge; to comfort (< نەسىھەت "*advise*") | نەسىھەت قىل - |
| 7. | purpose, motive, intention | مەقسەت |
| 8. | donkey, ass | ئېشەك |
| 9. | to lead (by hand); to guide | يېتىلە - |
| 10. | outside, exterior | سىرت |
| | to go out | سىرتقا چىق - |

---

① This story is adapted from a story of the same title from «دۇردانە لەتىپىلەر» (Precious Anecdotes) by ماخمۇت مۇھەممەت Xinjiang People's Publishing House, Urumqi, 2003, p. 67 - 68.

11. foolish, stupid; a fool, an idiot — ئەخمەق

12. on foot — پىيادە

13. someone — بىرەرى

14. to ride (a horse, etc.) — مىن -

15. making someone to lead (caus. of يېتىلە - "*to lead*") — يېتىلەت - (< يېتىلە - ت -)

16. two or more people riding on a donkey, horse, etc. — مىنگەش -

17. conscience; scruple — ۋىجدان
    unscrupulous; conscienceless (< ۋىجدان) — ۋىجدانسىز (< ۋىجدان + سىز)

18. at once; immediately; right away — دەررۇ (= دەرھال)

19. shame; chastity — نومۇس
    shameless; brash (< نومۇس "*shame*") — نومۇسسىز (<نومۇس + سىز)

20. conscience; contentment — ئىنساپ
    without conscience (< ئىنساپ "*contentment*") — ئىنساپسىز (<ئىنساپ + سىز)

21. helpless; unfortunate (< چارە "*way, means, measure*") — بىچارە (<بى + چارە)

22. a wrong, a grievance — ئۇۋال
    to be wronged, agrieved — ئۇۋال بول -

23. straight; opposite — ئۇدول

24. something; anything — بىرنېمە

25. mouth — ئاغىز* (ئاغزىم، ئاغزىڭ، ئاغزى ...)

26. to listen to someone (lit.: to look at someone's mouth) — ئاغزىغا قارا -

## Grammar گرامماتىكا

### 1. The Converb – Imperfective

#### 1.1 Function

In contrast to the converb – perfective discussed in the previous lesson, the function of the converb – imperfective is to expresses the incomplete status of an action prior to the final action in consecutive actions excuted by the same subject.

1.1.1 In Modern Uighur, however, the converbial suffix ا –/ ە – occurs mostly in converbs which are constructed by repeating the stem expressing the *reiterative* state of the action (see section 1.2.1 below).

1.1.2 It also occurs with the auxiliary verb – ئال as a fused suffix in constructing *initiative* form of the verb (see 1.2.2 below), which expresses the ability of the subject executing the action.

1.1.3 It can also be constructed in a verbal form, which in this book is called the "*form of sustained action*", thereby expressing the sustainable state of the action (see Lesson 28).

#### 1.2 Application

### 1.2.1 Reiterative State of the Action

1.2.1.1 The suffix ا –/ە – of the converb – imperfective is applied to a positive verbal stem forming the converb – imperfective, which is then repeated. E.g.:

ماڭ – ا: ماڭا – ماڭا، ئاخىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق.

*We kept walking and finally reached the top of the mountain.*

كۈل – ە: ئۇنىڭ قىزىق لەتىپىلىرىنى ئاڭلاپ كۈلە – كۈلە بەك چارچىدۇق.

*We were so tired kept laughing at his funny anecdotes.*

1.2.1.2 The converb – imperfective is also repeated in the negative form, denoting a short duration of an uncompleted action. E.g.:

ماڭ – ا > ماڭا – ماڭماي: پويىز ماڭا – ماڭماي يەنە توختىدى.
" to walk"

*The train just moved and stopped again.*

كۆر – ە > كۆرە – كۆرمەي: مەن كۆرە – كۆرمەي كىنو تۈگىدى.
" to see"

*I just began to watch, the movie ended.*

### 1.2.2 The Initiative Form of the Verb

1.2.2.1 The converb – imperfective suffix in the form of ا –/ە –/ ي – merges with the auxiliary verb ئال – and followed by another converb – imperfective suffix forms the initiative suffix الا –/ ەلە –/ يالا / يەلە – The initiative form of the verb is used to expresses the ability of the subject to execute the action. It is completed by predicative ending (i.e., tense +personal ending).

The الا –/ ەلە – variants of the initiative suffix are applied to stems ending in consonants, and the يالا –/ يەلە – variants of it are applied to the stems ending in vowels. See the chart and the examples below:

| ئاڭلا – يالا – | | كۆر – ەلە – | | |
|---|---|---|---|---|
| past | future | past | future | person |
| ئاڭلىيالىدىم | ئاڭلىيالايمەن | كۆرەلىدىم | كۆرەلەيمەن | مەن |
| ئاڭلىيالىدۇق | ئاڭلىيالايمىز | كۆرەلىدۇق | كۆرەلەيمىز | بىز |
| ئاڭلىيالىدىڭ | ئاڭلىيالايسەن | كۆرەلىدىڭ | كۆرەلەيسەن | سەن |
| ئاڭلىيالىدىڭىز | ئاڭلىيالايسىز | كۆرەلىدىڭىز | كۆرەلەيسىز | سىز |
| ئاڭلىيالىدىڭلار | ئاڭلىيالايسىلەر | كۆرەلىدىڭلار | كۆرەلەيسىلەر | سىلەر |
| ئاڭلىيالىدى | ئاڭلىيالايدۇ | كۆرەلىدى | كۆرەلەيدۇ | ئۇ / ئۇلار |

Examples:

بار ـ: بار ـ الا ـ ي ـ مەن > بارالايمەن

" *I can / am able to go.*"

بار ـ الا ـ د ـ ىم > بارالدىم

" *I could / was able to go.*"

كەل ـ: كەل ـ ەلە ـ ي ـ سەن > كېلەلەيسەن

" *You can/ are able to come.*"

كەل ـ ەلە ـ د ـ ىڭ > كېلەلىدىڭ

" *You could/ were able to come.*"

ئاڭلا ـ: ئاڭلا ـ يالا ـ ي ـ دۇ > ئاڭلىيالايدۇ

" *He / she / it / they can / is / are able to hear.*"

ئاڭلا ـ يالا ـ د ـ ى > ئاڭلىيالىدى

" *He / she / it / they could / was / were able to hear.*"

سۆزلە ـ: سۆزلە ـ يەلە ـ ي ـ مىز > سۆزلىيەلەيمىز

" *We can / are able to speak.*"

سۆزلە ـ يەلە ـ د ـ ۇق > سۆزلىيەلىدۇق

" *We could / were able to speak.*"

Note: *the* ئا / ئە > ئى / ئې *rule does not apply to monosyllabic stems with the vowel* ئە. *It applies elsewhere, including monosyllabic stems with the vowel* ئا.

1.2.2.2 The negative form of the initiative suffix is ـ الما / ـ ەلمە / ـ يالما / ـ يەلمە The ـ الما / ـ ەلمە variants of the initiative suffix are applied to verbal stems ending in consonants, and the ـ يالما / ـ يەلمە variants are applied to verbal stems ending in vowels. See the chart and the examples below:

| ئاڭلا ـ يالما ـ | | كۆر ـ ەلمە ـ | | person |
|---|---|---|---|---|
| past | future | past | future | |
| ئاڭلىيالمىدىم | ئاڭلىيالمايمەن | كۆرەلمىدىم | كۆرەلمەيمەن | مەن |
| ئاڭلىيالمىدۇق | ئاڭلىيالمايمىز | كۆرەلمىدۇق | كۆرەلمەيمىز | بىز |
| ئاڭلىيالمىدىڭ | ئاڭلىيالمايسەن | كۆرەلمىدىڭ | كۆرەلمەيسەن | سەن |
| ئاڭلىيالمىدىڭىز | ئاڭلىيالمايسىز | كۆرەلمىدىڭىز | كۆرەلمەيسىز | سىز |
| ئاڭلىيالمىدىڭلار | ئاڭلىيالمايسىلەر | كۆرەلمىدىڭلار | كۆرەلمەيسىلەر | سىلەر |
| ئاڭلىيالمىدى | ئاڭلىيالمايدۇ | كۆرەلمىدى | كۆرەلمەيدۇ | ئۇ / ئۇلار |

Examples:

بار ـ: بار ـ الما ـ ي ـ مەن > بارالمايمەن

" *I cannot / am not able to go.*"

بار ـ الما ـ د ـ ىم > بارالمىدىم

" *I could not / was not able to go.*"

كەل ـ: كەل ـ ەلمە ـ ي ـ سەن > كېلەلمەيسەن

" *You cannot / are not able to come.*"

كەل ـ ەلمە ـ د ـ ىڭ > كېلەلمىدىڭ

" *You could not/ were not able to come.*"

ئاڭلا ـ: ئاڭلا ـ يالما ـ ي ـ دۇ > ئاڭلىيالمايدۇ

" *He / she / it / they connot / is /are not able to hear.*"

ئاڭلا ـ يالما ـ د ـ ى > ئاڭلىيالمىدى

" *He / she / it / they could not / was / were not able to hear.*"

سۆزلە ـ: سۆزلە ـ يەلمە ـ ي ـ مىز > سۆزلىيەلمەيمىز

" *We cannot / are not able to speak.*"

سۆزلە ـ يەلمە ـ د ـ ۇق > سۆزلىيەلمىدۇق

" *We could not / were not able to speak.*"

1.2.2.3 The positive يەلە ـ / ـ يالا ـ and the negative يەلمە ـ / ـ يالما ـ variants of initiative suffixes may occur in abbreviated forms as لە ـ / ـ لا and لمە ـ / ـ لما after two or more syllabic verbs which end in a vowel.

See the charts below:

Positive:

| ئىشلە ـ لە ـ | | ئاڭلا ـ لا ـ | | |
|---|---|---|---|---|
| past | future | past | future | person |
| ئىشلەلىدىم | ئىشلەلەيمەن | ئاڭلالىدىم | ئاڭلالايمەن | مەن |
| ئىشلەلىدۇق | ئىشلەلەيمىز | ئاڭلالىدۇق | ئاڭلالايمىز | بىز |
| ئىشلەلىدىڭ | ئىشلەلەيسەن | ئاڭلالىدىڭ | ئاڭلالايسەن | سەن |
| ئىشلەلىدىڭىز | ئىشلەلەيسىز | ئاڭلالىدىڭىز | ئاڭلالايسىز | سىز |
| ئىشلەلىدىڭلار | ئىشلەلەيسىلەر | ئاڭلالىدىڭلار | ئاڭلالايسىلەر | سىلەر |
| ئىشلەلىدى | ئىشلەلەيدۇ | ئاڭلالىدى | ئاڭلالايدۇ | ئۇ / ئۇلار |

*Note that the* ئا / ئە > ئې / ئى *sound change rule does not apply to the stem when these abbreviated forms of initiative suffix are used, though the rule is applied to other constituents in the structure of the verb.*

Negative:

| ئىشلە ـ لمە ـ | | ئاڭلا ـ لما ـ | | person |
|---|---|---|---|---|
| past | future | past | future | |
| ئىشلەلمىدىم | ئىشلەلمەيمەن | ئاڭلالمىدىم | ئاڭلالمايمەن | مەن |
| ئىشلەلمىدۇق | ئىشلەلمەيمىز | ئاڭلالمىدۇق | ئاڭلالمايمىز | بىز |
| ئىشلەلمىدىڭ | ئىشلەلمەيسەن | ئاڭلالمىدىڭ | ئاڭلالمايسەن | سەن |
| ئىشلەلمىدىڭىز | ئىشلەلمەيسىز | ئاڭلالمىدىڭىز | ئاڭلالمايسىز | سىز |
| ئىشلەلمىدىڭلار | ئىشلەلمەيسىلەر | ئاڭلالمىدىڭلار | ئاڭلالمايسىلەر | سىلەر |
| ئىشلەلمىدى | ئىشلەلمەيدۇ | ئاڭلالمىدى | ئاڭلالمايدۇ | ئۇ / ئۇلار |

P.S.: When the abbreviated variants لا ـ / له ـ and لما / لمه ـ of the initiative suffix are applied to stems ending in rounded vowels ۇ ـ /ۇ ـ, the latter will switch to vowels ا ـ/ ە ـ respectively. E.g.:

*I can / am able to read.* ئوقۇ – لا – ي – مەن > ئوقۇلايمەن

*I cannot / am not able to read.* ئوقۇ – لما – ي – مەن > ئوقالمايمەن

Compare:

*I can / am able to read.* ئوقۇ – يالا – ي – مەن > ئوقۇيالايمەن

*I cannot / am not able to read.* ئوقۇ – يالما – ي – مەن > ئوقايالمايمەن

1.2.2.4 Interrogative Forms

The formation of inter ogatives of the initiative forms is the same as that of the simple past and future tenses (*refer to Lesson 9, grammar section 1*).

(1) The interrogative particle مۇ – occurs at the outmost position in the structure of both positive and negative past tense forms.

(2) It may also be placed at the outmost position in constructing the 1st person future tense (singular and plural) interrogative forms.

(3) However, the interrogative particle مۇ – occurs in the form of – م – between future tense suffixes and personal endings in the structure of all positive and negative future tense forms.

Furthermore, such relocation of the interrogative particle will affect the future tense suffix, which takes the form of –ا –/ –ە– if the stem ends in a consonant. It merges with the final vowel of any stem ending in a vowel.

In this kind of reversed construction situation, the 1st person singular personal ending occurs as دىمەن – or دىم – , and the 1st person plural personal ending occurs as دىمىز – or دۇق – .

See the chart below:

| ئاڭلا – لا – / ئاڭلا – يالا – | | | | كۆر – ەلە – | | person |
|---|---|---|---|---|---|---|
| past | | future | | past | future | |
| –<br>ئاڭلىيالىدىممۇ<br>– | –<br>ئاڭلالىدىممۇ<br>– | ئاڭلىيالامدىمەن<br>ئاڭلىيالامدىم<br>ئاڭلىيالايمەنمۇ | ئاڭلالامدىمەن<br>ئاڭلالامدىم<br>ئاڭلالايمەنمۇ | –<br>كۆرەلىدىممۇ<br>– | كۆرەلەمدىمەن<br>كۆرەلەمدىم<br>كۆرەلەيمەنمۇ | مەن |
| –<br>ئاڭلىيالىدۇقمۇ<br>– | –<br>ئاڭلالىدۇقمۇ<br>– | ئاڭلىيالامدىمىز<br>ئاڭلىيالامدۇق<br>ئاڭلىيالايمىزمۇ | ئاڭلالامدىمىز<br>ئاڭلالامدۇق<br>ئاڭلالايمىزمۇ | –<br>كۆرەلىدۇقمۇ<br>– | كۆرەلەمدىمىز<br>كۆرەلەمدۇق<br>كۆرەلەيمىزمۇ | بىز |
| ئاڭلىيالىدىڭمۇ | ئاڭلالىدىڭمۇ | ئاڭلىيالامسەن | ئاڭلالامسەن | كۆرەلىدىڭمۇ | كۆرەلەمسەن | سەن |
| ئاڭلىيالىدىڭىزمۇ | ئاڭلالىدىڭىزمۇ | ئاڭلىيالامسىز | ئاڭلالامسىز | كۆرەلىدىڭىزمۇ | كۆرەلەمسىز | سىز |
| ئاڭلىيالىدىڭلارمۇ | ئاڭلالىدىڭلارمۇ | ئاڭلىيالامسىلەر | ئاڭلالامسىلەر | كۆرەلىدىڭلارمۇ | كۆرەلەمسىلەر | سىلەر |
| ئاڭلىيالىدىمۇ | ئاڭلالىدىمۇ | ئاڭلىيالامدۇ | ئاڭلالامدۇ | كۆرەلىدىمۇ | كۆرەلەمدۇ | ئۇ / ئۇلار |

2. Hearsay Forms of the verb

2.1 The hearsay form of the verb is constructed by applying the converb – perfective suffix پ – , followed by personal endings, to all types of verbal stems, such as: simple stem, continuoes stem, initiative stem, objective stem, etc.

2.2 The hearsay form of the verb is used for reporting indirect information about an action. E.g.:

ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، مەن كۈزنىڭ بېشىدا تۇغۇلۇپتىمەن.

*According to what my mother said, I was born in early autumn.*

ئۆيگە كەلسەم ئاتا – ئانام تېخى ئىشتىن كەلمەپتۇ.

*My parents still had not come back from work yet when I arrived home.*

2.3 Simple Hearsay Forms

2.3.1 The simple hearsay form of the verb is constructed by applying the converb – perfective suffix پ – (ۋپ – / ۇپ – / ىپ – / پ –) to the simple verbal stem which is followed by personal endings.

Note that 1st person personal endings occur as تىمەن – and تىمىز – (compare دىمەن / دىمىز – in Lesson 9 and 18), not as مەن – and مىز – . See the chart below:

| negative | | positive | | | | person |
|---|---|---|---|---|---|---|
| كۆر ـ مە ـ پ ـ | ياز ـ ما ـ پ ـ | كۆر ـ ۋپ ـ | تۇر ـ ۋپ ـ | ياز ـ پ ـ | قارا ـ پ ـ | |
| كۆرمەپتىمەن | يازماپتىمەن | كۆرۈپتىمەن | تۇرۇپتىمەن | يېزىپتىمەن | قاراپتىمەن | مەن |
| كۆرمەپتىمىز | يازماپتىمىز | كۆرۈپتىمىز | تۇرۇپتىمىز | يېزىپتىمىز | قاراپتىمىز | بىز |
| كۆرمەپسەن | يازماپسەن | كۆرۈپسەن | تۇرۇپسەن | يېزىپسەن | قاراپسەن | سەن |
| كۆرمەپسىز | يازماپسىز | كۆرۈپسىز | تۇرۇپسىز | يېزىپسىز | قاراپسىز | سىز |
| كۆرمەپسىلەر | يازماپسىلەر | كۆرۈپسىلەر | تۇرۇپسىلەر | يېزىپسىلەر | قاراپسىلەر | سىلەر |
| كۆرمەپتۇ | يازماپتۇ | كۆرۈپتۇ | تۇرۇپتۇ | يېزىپتۇ | قاراپتۇ | ئۇ / ئۇلار |

2.3.2 The interrogative hearsay form is constructed by applying the interrogative particle ـ مۇ to the end of the positive or negative hearsay form. (*Note the merge of 3rd person personal ending* ـ تۇ *with the interrogative particle* ـ مۇ *as* ـ تىمۇ.)

قاراپتىمەنمۇ؟ قارىماپتىمەنمۇ؟

ئىشلەپتىمىزمۇ؟ ئىشلىمەپتىمىزمۇ؟

بېرىپسەنمۇ؟ بارماپسەنمۇ؟ يېزىپسىزمۇ؟ يازماپسىزمۇ؟

تۇرۇپسىلەرمۇ؟ تۇرماپسىلەرمۇ؟

كۆرۈپتىمۇ؟ كۆرمەپتىمۇ؟

Example : دادىڭىز ئىشتىن قايتىپتىمۇ؟

*Is your father back from work (yet)?*

2.3.3 Some monosyllabic verbs ending in the consonant ل may drop the final ل in the hearsay form. E.g.:

ئال ـ *"to take"*

بول ـ *"to be/become"*

چال ـ *"to play (a musical instrument)"*

سال ـ *"to put in; to build"*

قال ـ *"to be left behind; to remain"*

قىل ـ *"to do, to make"*

كەل ـ *"to come"*

Check and remember the hearsay forms of these verbs demonstrated in the chart below:

| چال - | كەل - | قىل - | قال - | سال - | بول - | ئال - | person |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چاپتىمەن | كەپتىمەن | قىپتىمەن | قاپتىمەن | ساپتىمەن | بوپتىمەن | ئاپتىمەن | مەن |
| چاپتىمىز | كەپتىمىز | قىپتىمىز | قاپتىمىز | ساپتىمىز | بوپتىمىز | ئاپتىمىز | بىز |
| چاپسەن | كەپسەن | قىپسەن | قاپسەن | ساپسەن | بوپسەن | ئاپسەن | سەن |
| چاپسىز | كەپسىز | قىپسىز | قاپسىز | ساپسىز | بوپسىز | ئاپسىز | سىز |
| چاپسىلەر | كەپسىلەر | قىپسىلەر | قاپسىلەر | ساپسىلەر | بوپسىلەر | ئاپسىلەر | سىلەر |
| چاپتۇ | كەپتۇ | قىپتۇ | قاپتۇ | ساپتۇ | بوپتۇ | ئاپتۇ | ئۇ/ئۇلار |

**II Derivational Prefix بى +**

The derivational prefix بى + , one of only four prefixes adopted from Persian, derives adjectives from nominal stems. Its function, in fact, is quite similar to that of suffix سىز + (see Lesson 18).

For example:

بى + چارە *"means; measure"* < بىچارە (= چارىسىز) *"helpless"*

بى + ئەدەپ *"courtesy"* < بىئەدەپ (= ئەدەپسىز) *"uncivil"*

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1. Construct positive, negative and interrogative initiative forms of the following verbs in each person:

قىل -، ياشا -، يىتىلە -، مىنگەش -، ئوقۇ -، كىر -.

2. Construct positive, negative and interrogative hearsay forms of the following verbs in each person:

سورا -، ئاچ -، قوي -، دە -، قايت -، ئۆچرا -، چۈش -، كەل -.

3. Read and translate the following dialogue into English:

ئا: ئۇيغۇرچە خەتنى ئېتتىك يازالمايمەن، لېكىن ئېتتىك ئوقۇيالايمەن.
ب: ئەمىسە، ماۋۇ خەتنى ئوقۇ.
ئا: (خەتنى ئېلىپ ئوقۇيالمايدۇ). خەتنى مۇنداق سەت يازساڭ كىم ئوقۇيالايدۇ؟! ئۆزۈڭ ئوقۇيالامسەن؟
ب: ئۆزۈمنىڭ خېتىمنى ئۆزۈم ئوقۇيالامدىمەن؟ شۇنداق چىرايلىق خەتنىمۇ ئوقۇيالمىدىڭ... يال ...مى... دىڭ ... مۇ ...؟ ... ھ ... و ... ي ...، بۇ ئۇيغۇرچىمۇ، ئەرەبچىمۇ؟ بىلەلمىدىم - غۇ؟
ئا: ھە! ئاجايىپ چىرايلىق يېزىپسەن - دە ؟! ئەنە، ئۆزۈڭمۇ ئوقۇيالمىدىڭ.
ب: ھەي! بۇ خەتنى مەن يازماپتىمەن، سەن يېزىپسەن!
ئا: نېمە؟ ماڭا بېرە ...

4. Translate the following passage into Uighur using the *initiative and hearsay* forms as possible, as if you are telling a story that has happened before.

I got up late that morning. Without eating breakfast I went outside and came to the bus stop. The bus arrived, but I could not get on. Why? I did not have (lit.: to take) money with me. I left my money in my bag. (Lit.: *My money remained in my bag.)* I left my bag at home. (Lit.: *my bag remained at home.*) I returned home. When I come to the door, I could not find My keys (ئاچقۇچ). I had also left them in my bag. ( Lit.: *They also remained in my bag.*) I could not get into the house. I sat in front of my house until my brother came (home) at noon.

5. Read and translate the following anecdote with the help of your dictionary.

## ئوغرى ۋە ئېشەك[1]

ناھايىتى نامرات بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئوغرىدىن قورقۇپ جىم يېتىپتۇ. ئوغرىمۇ بۇنى بىلىپ خاتىرجەم ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپتۇ. لېكىن ئاختۇرا - ئاختۇرا ئۆينىڭ ئىچىدىن پۇلغا يارىغۇدەك بىرەر نەرسە تاپالماپتۇ. بۇنىڭدىن خاپا بولغان ئوغرى ئېشىكىنىمۇ يايماي چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆي ئىگىسىگە ئاندىن بىرئاز جان كىرىپتۇ. لېكىن يەنىلا ئوغرىدىن قورقۇپ ئورنىدىن قوپالماي، ئۇنىڭ كەينىدىن:
— ھەي بۇرادەر، تالانىڭ ئېشىكىنى يېپىپ ماڭامسىز؟ — دەپ ئاستا ۋارقىراپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خاپا بولغان ئوغرى كەينىگىمۇ قارىماي:
— بۇنداق ئۆينىڭ ئېشىكىنى يېپىپ نېمە قىلىسەن، — دەپ غوتۇلداپ، باشقا بىر ئۆينى پەملەپ مېڭىپتۇ.

6. Compose a short passage or dialogue about your own experience.

---

[1] This anecdote is adapted from «كۈندە بىر كۈلكە» (A Laughter a Day), Xinjiang People's Health Publishing House, 2003, Urumqi, V.II, p.10.

# Lesson Twenty-Five يىگىرمە بەشىنچى دەرس

## تۆت پاكنىڭ ھېكايىسى[1]

بىر كۈنى بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمگە مۇنداق بىر قىزىق ئىش كىرىپتۇ. مەن پادىچى ئىكەنمەن. دالادا قوي بېقىۋېتىپتىمىشمەن. قويلارنى ئوتلاققا ھەيدەپ، ئۆزۈم بىر سايىدا ئۇخلاپتىمەن. بىر ۋاقىتتا ئويغىنىپ قارىسام قويلىرىم يوق ئىكەن. قويلىرىمنى ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئىزدەپ تاپالماي، بىر بوغدايلىقنىڭ يېنىغا كەپتىمەن. ئىككى دېھقان بوغداي ئورۇۋېتىپتىكەن. ئۇلاردىن قويلىرىمنى كۆردۈڭلارمۇ دەپ سوراپتىمەن. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىمۇ پاك ئىكەن، گېپىمنى ئاڭلىيالماپتۇ ـ دە، مېنىڭ شەرەتلىرىمگە قاراپ:

— بوغداينى ئەتىگەندىن بېرى ئورۇۋاتىمىز. ئاۋۇ يارنىڭ يېنىدىن باشلىغان ئىدۇق، — دەپ يار تەرەپنى كۆرسىتىپتۇ.

مەنمۇ پاك ئىكەنمەن. «قويلىرىڭ ئاۋۇ يار تەرەپتە،» دەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ يار تەرەپكە بېرىپتىمەن، بارسام قويلىرىم شۇ يەردە ئوتلاۋېتىپتىكەن، خۇشال بولۇپ، قويلىرىم ئىچىدىن پۇتى سۇنغان بىر پاقلاننى ئېلىپ دېھقانلارنىڭ يېنىغا بېرىپتىمەن.

— رەھمەت سىلەرگە ئاغىنىلەر، بۇ پاقلاننى سىلەر سويۇپ يەڭلار.

— ھوي، نېمە دەيسەن؟ بۇنىڭ پۇتىنى بىز سۇندۇرمىساق، نېمە ئۈچۈن ئۇنى بىز تۆلەيدىكەنمىز؟ — دەپ خاپا بولۇشۇپتىمىش ئىككى پاك دېھقان.

— ھەي ئاغىنىلەر، ئىنساپ قىلىڭلار. بۇ قويلار ئۆزۈمنىڭ ئەمەس. سىلەرگە مۇشۇ بىر پاقلاننى بېرەلەيمەن. بىرىڭلارغا بىردىن ئىككى قوي بېرەلمەيمەن، — دەپتىمەن.

شۇ جېدەلنىڭ ئۈستىگە مەھەللىنىڭ ئىمامى پەيدا بوپتىمىش. ئىمامنى كۆرگەن دېھقانلار ئورغاقلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ شەرەت قىلىپ:

— خۇدا گۇۋاھچى، پاقلاننىڭ پۇتىنى بىز سۇندۇرمىدۇق، — دېيىشىپتۇ. مەنمۇ بىر بارمىقىمنى چىقىرىپ شەرەت قىلىپ:

— رەھمەت دەپ بىر پاقلان بەرسەم ئازمۇ؟ بۇلاردا ئىنساپ بارمۇ؟ — دەپتىمەن. ئىمام بىر مېنىڭ بارمىقىمغا، بىر ئۇلارنىڭ ئورغاقلىرىغا قاراپ:

— ھە بولدى، چۈشەندىم. ئۈچىڭلار ئورغاقتەك بىر كۈنلۈك ئاينى كۆرۈپسىلەر. بولىدۇ، مەن مەھەللىگە بېرىپ ئېيتاي، ناغرا چالسۇن، ئەتە ھېيت، — دەپتۇ. ئەسلىدە ئىمامىمۇ پاك ئىكەنمىش.

---

① This story is adapted from» «دۇردانە لەتىپىلەر» (Precious Anecdotes) by ماخمۇت مۇھەممەت. Xinjiang People's Publishing House, 2003, Urumqi, p.50–51.

## Vocabulary — سۆزلۈك

| | |
|---|---|
| 1. deaf | پاڭ |
| 2. story, tale | ھېكايە |
| 3. dream | چۈش |
| 4. to dream, to dream about | چۈش كۆر-، چۈشكە كىر- |
| 5. shepherd (< پادا "*flock, herd*") | پادىچى (پادا + چى) |
| 6. field, open country | دالا |
| 7. sheep | قوي |
| 8. herd/graze sheep | قوي باق- |
| 9. grassland, grazing land (< ئوتلا- "*to graze*" < ئوت "*grass*") | ئوتلاق (ئوت + لا - ق) |
| 10. shade, shadow | سايە |
| 11. to awake | ئويغان- |
| 12. here and there | ئۇ يان - بۇ يان |
| 13. wheat | بۇغداي |
| 14. wheat field (< بۇغداي "*wheat*") | بۇغدايلىق (بۇغداي + لىق) |
| 15. peasant, farmer | دېھقان |
| 16. to harvest | ئور- |
| 17. signal, gesture, sign | شەرەت |
| 18. cliff, precipice | يار |
| 19. to think, to consider (< ئوي "*idea, thought, notion*") | ئويلا- (ئوي + لا-) |
| 20. to graze (< ئوت "*grass*") | ئوتلا- (ئوت + لا-) |
| 21. leg; foot | پۇت |
| 22. to break, to snap | سۇن- |
| 23. lamb | پاقلان |
| 24. friend (used among men) | ئاغىنە (. دوست) |
| 25. to slaughter, butcher; to peel | سوي- |
| 26. to break (causative of سۇن- "*to break*") | سۇندۇر- (سۇن - دۇر) |
| 27. to content (oneself) | ئىنساپ قىل- |
| 28. neighborhood | مەھەللە |
| 29. Imam - a head of a Muslim mosque, learned Muslim scholar | ئىمام |
| 30. to appear, emerge | پەيدا بول- |
| 31. sickle (< ئور- "*to harvest, to cut*") | ئورغاق (ئور - غاق) |
| 32. sky | ئاسمان |
| 33. to lift; to carry; to raise | كۆتۈر- |
| 34. witness, testifier (< گۇۋاھ "*testimony*") | گۇۋاھچى (گۇۋاھ + چى) |
| 35. finger | بارماق |
| 36. a traditional drum | ناغرا |
| 37. to play (an instrument); to ring (bell); to beat (drum) | چال- |
| 38. traditional Muslim festival; festival, celebration | ھېيت |

## Grammar گرامماتىكا

### I Hearsay Forms (Continued)

Below, the two more frequently used hearsay forms are introduced. Any other hearsay forms based on different types of verbal stems can be constructed applying the same pattern.

#### 1. Continuous Hearsay Forms

1.1 The continuous hearsay form expresses indirect release of information about the continuous state of a completed action. For example:

*Two peasants were harvesting the wheat.* ئىككى دېھقان بۇغداي ئورۇۋېتىپتۇ.

چۈشۈمدە مەن قويلىرىمنى تاپالمايۋېتىپتىمەن.
*I dreamed that I was not able to find my sheep.*

1.2 The continuous hearsay form of the verb is constructed by applying the converb – perfective suffix (ـ ۋپ / ـۇپ / ـىپ / ـپ) ـ°پ to the positive and negative continuous aspect form of the verb followed by personal endings. The 1st person personal endings occur as ـتىمەن and ـتىمىز. (refer to Lesson 24).

See the chart:

| negative | | positive | person |
|---|---|---|---|
| كۆر ـ ۈۋات ـ ما ـ پ ـ | كۆر ـ مەي ـ ۋات ـ ىپ ـ | كۆر ـ ۈۋات ـ ىپ ـ | |
| كۆرۈۋاتماپتىمەن | كۆرمەيۋېتىپتىمەن | كۆرۈۋېتىپتىمەن | مەن |
| كۆرۈۋاتماپتىمىز | كۆرمەيۋېتىپتىمىز | كۆرۈۋېتىپتىمىز | بىز |
| كۆرۈۋاتماپسەن | كۆرمەيۋېتىپسەن | كۆرۈۋېتىپسەن | سەن |
| كۆرۈۋاتماپسىز | كۆرمەيۋېتىپسىز | كۆرۈۋېتىپسىز | سىز |
| كۆرۈۋاتماپسىلەر | كۆرمەيۋېتىپسىلەر | كۆرۈۋېتىپسىلەر | سىلەر |
| كۆرۈۋاتماپتۇ | كۆرمەيۋېتىپتۇ | كۆرۈۋېتىپتۇ | ئۇ / ئۇلار |

#### 2. Objective Hearsay Forms

2.1 The objecticve hearsay form of the verb is constructed by applying the converb – perfective suffix (ـۋپ / ـۇپ / ـىپ / ـپ) ـ°پ to the continuous aspect form of the converb – objective followed by personal endings. The 1st person personal endings would occur in the forms ـتىمەن and ـتىمىز. See the chart:

| negative | positive | person |
|---|---|---|
| كۆر ـ گىلى ـ ۋۋات ـ ما ـ پ ـ | كۆر ـ گىلى ـ ۋۋات ـ ىپ ـ | |
| كۆرگىلىۋاتماپتىمەن | كۆرگىلىۋېتىپتىمەن | مەن |
| كۆرگىلىۋاتماپتىمىز | كۆرگىلىۋېتىپتىمىز | بىز |
| كۆرگىلىۋاتماپسەن | كۆرگىلىۋېتىپسەن | سەن |
| كۆرگىلىۋاتماپسىز | كۆرگىلىۋېتىپسىز | سىز |
| كۆرگىلىۋاتماپسىلەر | كۆرگىلىۋېتىپسىلەر | سىلەر |
| كۆرگىلىۋاتماپتۇ | كۆرگىلىۋېتىپتۇ | ئۇ / ئۇلار |

2.2 The objective hearsay form expresses indirect release of information about the intention or aim toward an action. For example:

ئىككى دېھقان مېنىڭ پاخلىنىمنى سويغىلىۋېتىپتۇ.

*The two peasants were about to slaughter my lamb.*

3. Application of Particles ئىكەن and ئىمىش to Hearsay Forms

3.1 The particle ئىكەن is applied as a suffix +تىكەن to the converb-perfective ـپ° – forms of all verbal stems followed by 1st and 2nd person future tense personal endings. The 3rd person personal ending appears to be Ø. See the charts below:

(1) To the converb – perfective of simple verbal stem:

| negative | | positive | | person |
|---|---|---|---|---|
| كۆر ـ مە ـ پ ـ | ياز ـ ما ـ پ ـ | كۆر ـ ۈپ ـ | ياز ـ ىپ ـ | |
| كۆرمەپتىكەنمەن | يازماپتىكەنمەن | كۆرۈپتىكەنمەن | يېزىپتىكەنمەن | مەن |
| كۆرمەپتىكەنمىز | يازماپتىكەنمىز | كۆرۈپتىكەنمىز | يېزىپتىكەنمىز | بىز |
| كۆرمەپتىكەنسەن | يازماپتىكەنسەن | كۆرۈپتىكەنسەن | يېزىپتىكەنسەن | سەن |
| كۆرمەپتىكەنسىز | يازماپتىكەنسىز | كۆرۈپتىكەنسىز | يېزىپتىكەنسىز | سىز |
| كۆرمەپتىكەنسىلەر | يازماپتىكەنسىلەر | كۆرۈپتىكەنسىلەر | يېزىپتىكەنسىلەر | سىلەر |
| كۆرمەپتىكەن | يازماپتىكەن | كۆرۈپتىكەن | يېزىپتىكەن | ئۇ / ئۇلار |

(2) To the converb–perfective of continues verbal stem :

| negative | | positive | person |
|---|---|---|---|
| كۆر- ۈۋات - ما - پ - | كۆر-مەي -ۋات -ىپ - | كۆر - ۈۋات - ىپ - | |
| كۆرۈۋاتماپتىكەنمەن | كۆرمەيۋېتىپتىكەنمەن | كۆرۈۋېتىپتىكەنمەن | مەن |
| كۆرۈۋاتماپتىكەنمىز | كۆرمەيۋېتىپتىكەنمىز | كۆرۈۋېتىپتىكەنمىز | بىز |
| كۆرۈۋاتماپتىكەنسەن | كۆرمەيۋېتىپتىكەنسەن | كۆرۈۋېتىپتىكەنسەن | سەن |
| كۆرۈۋاتماپتىكەنسىز | كۆرمەيۋېتىپتىكەنسىز | كۆرۈۋېتىپتىكەنسىز | سىز |
| كۆرۈۋاتماتىكەنسىلەر | كۆرمەيۋېتىپتىكەنسىلەر | كۆرۈۋېتىپتىكەنسىلەر | سىلەر |
| كۆرۈۋاتماپتىكەن | كۆرمەيۋېتىپتىكەن | كۆرۈۋېتىپتىكەن | ئۇ / ئۇلار |

(3) To the converb – perfective of objective verbal stem :

| negative | positive | person |
|---|---|---|
| كۆر - گىلى - ۈۋات - ما - پ - | كۆر- گىلى -ۈۋات - ىپ - | |
| كۆرگىلىۋاتماپتىكەنمەن | كۆرگىلىۋېتىپتىكەنمەن | مەن |
| كۆرگىلىۋاتماپتىكەنمىز | كۆرگىلىۋېتىپتىكەنمىز | بىز |
| كۆرگىلىۋاتماپتىكەنسەن | كۆرگىلىۋېتىپتىكەنسەن | سەن |
| كۆرگىلىۋاتماپتىكەنسىز | كۆرگىلىۋېتىپتىكەنسىز | سىز |
| كۆرگىلىۋاتماپتىكەنسىلەر | كۆرگىلىۋېتىپتىكەنسىلەر | سىلەر |
| كۆرگىلىۋاتماپتىكەن | كۆرگىلىۋېتىپتىكەن | ئۇ / ئۇلار |

These forms of the verb indicate secondhand information about the action :

قويۇمنىڭ پۇتىنى شۇ ئىككى دېھقان سۇندۇرۇپتىكەن.

*(As I found out later) these two peasants have broken the leg of my sheep.*

ئىككى دېھقان مېنىڭ پاخلىنىمنى سويۇۋېتىپتىكەن.

*(As I see) the two peasants were slaughtering my lamb.*

ئىككى دېھقان مېنىڭ پاخلىنىمنى سويغىلىۋېتىپتىكەن.

*(I found that) the two peasants were about to slaughter my lamb.*

3.2 The particle ئىمىش is applied as a suffix +تىمىش to the converb–perfective ـپ – forms of all verbal stems and is followed by 1st and 2nd person personal endings. The 3rd person personal ending appears to be Ø . See the charts :

| objective | continuous | simple | stem |
|---|---|---|---|
| كۆر ـ گىلى ـ ۋات ـ ىپ ـ | كۆر ـ ۈۋات ـ ىپ ـ | ياز ـىپ ـ | positive |
| كۆرگىلىۋېتىپتىمىشمەن | كۆرۈۋېتىپتىمىشمەن | يېزىپتىمىشمەن | مەن |
| كۆرگىلىۋېتىپتىمىشمىز | كۆرۈۋېتىپتىمىشمىز | يېزىپتىمىشمىز | بىز |
| كۆرگىلىۋېتىپتىمىشسەن | كۆرۈۋېتىپتىمىشسەن | يېزىپتىمىشسەن | سەن |
| كۆرگىلىۋېتىپتىمىشسىز | كۆرۈۋېتىپتىمىشسىز | يېزىپتىمىشسىز | سىز |
| كۆرگىلىۋېتىپتىمىشسىلەر | كۆرۈۋېتىپتىمىشسىلەر | يېزىپتىمىشسىلەر | سىلەر |
| كۆرگىلىۋېتىپتىمىش | كۆرۈۋېتىپتىمىش | يېزىپتىمىش | ئۇ/ئۇلار |

| objective | continuous | | simple | stem |
|---|---|---|---|---|
| كۆر ـگىلى ـ ۋات ـ ما ـپ ـ | كۆر ـ ۈۋات ـ ما ـپ ـ | كۆر ـ مەي ـ ۋات ـىپ ـ | ياز ـ ما ـ پ ـ | positive |
| كۆرگىلىۋاتماپتىمىشمەن | كۆرۈۋاتماپتىمىشمەن | كۆرمەيۋېتىپتىمىشمەن | يازماپتىمىشمەن | مەن |
| كۆرگىلىۋاتماپتىمىشمىز | كۆرۈۋاتماپتىمىشمىز | كۆرمەيۋېتىپتىمىشمىز | يازماپتىمىشمىز | بىز |
| كۆرگىلىۋاتماپتىمىشسەن | كۆرۈۋاتماپتىمىشسەن | كۆرمەيۋېتىپتىمىشسەن | يازماپتىمىشسەن | سەن |
| كۆرگىلىۋاتماپتىمىشسىز | كۆرۈۋاتماپتىمىشسىز | كۆرمەيۋېتىپتىمىشسىز | يازماپتىمىشسىز | سىز |
| كۆرگىلىۋاتماپتىمىشسىلەر | كۆرۈۋاتماپتىمىشسىلەر | كۆرمەيۋېتىپتىمىشسىلەر | يازماپتىمىشسىلەر | سىلەر |
| كۆرگىلىۋاتماپتىمىش | كۆرۈۋاتماپتىمىش | كۆرمەيۋېتىپتىمىش | يازماپتىمىش | ئۇ/ئۇلار |

The particle ئىمىش may also be applied to the end of hearsay forms as abbriviated suffix مىش +. In this case, the 3rd person personal ending ـتۇ merges with the particle مىش + at the following position as تىمىش + .

| objective | continuous | simple | stem |
|---|---|---|---|
| كۆر - گىلى - ۋات - ىپ | كۆر - ۈۋات - ىپ - | ياز - ىپ - | positive |
| كۆرگىلىۋېتىپتىمەنمىش | كۆرۈۋېتىپتىمەنمىش | يېزىپتىمەنمىش | مەن |
| كۆرگىلىۋېتىپتىمىزمىش | كۆرۈۋېتىپتىمىزمىش | يېزىپتىمىزمىش | بىز |
| كۆرگىلىۋېتىپسەنمىش | كۆرۈۋېتىپسەنمىش | يېزىپسەنمىش | سەن |
| كۆرگىلىۋېتىپسىزمىش | كۆرۈۋېتىپسىزمىش | يېزىپسىزمىش | سىز |
| كۆرگىلىۋېتىپسىلەرمىش | كۆرۈۋېتىپسىلەرمىش | يېزىپسىلەرمىش | سىلەر |
| كۆرگىلىۋېتىپتىمىش | كۆرۈۋېتىپتىمىش | يېزىپتىمىش | ئۇ / ئۇلار |

| objective | continuous | | simple | stem |
|---|---|---|---|---|
| كۆر - گىلى - ۋات- ما- پ - | كۆر-ۈۋات - ما- پ- | كۆر - مەي - ۋات - ىپ - | ياز - ما - پ- | positive |
| كۆرگىلىۋاتماپتىمەنمىش | كۆرۈۋاتماپتىمەنمىش | كۆرمەيۋېتىپتىمەنمىش | يازماپتىمەنمىش | مەن |
| كۆرگىلىۋاتماپتىمىزمىش | كۆرۈۋاتماپتىمىزمىش | كۆرمەيۋېتىپتىمىزمىش | يازماپتىمىزمىش | بىز |
| كۆرگىلىۋاتماپسەنمىش | كۆرۈۋاتماپسەنمىش | كۆرمەيۋېتىپسەنمىش | يازماپسەنمىش | سەن |
| كۆرگىلىۋاتماپسىزمىش | كۆرۈۋاتماپسىزمىش | كۆرمەيۋېتىپسىزمىش | يازماپسىزمىش | سىز |
| كۆرگىلىۋاتماپسىلەرمىش | كۆرۈۋاتماپسىلەرمىش | كۆرمەيۋېتىپسىلەرمىش | يازماپسىلەرمىش | سىلەر |
| كۆرگىلىۋاتماپتىمىش | كۆرۈۋاتماپتىمىش | كۆرمەيۋېتىپتىمىش | يازماپتىمىش | ئۇ / ئۇلار |

These forms of the verb express doubtful release of secondhand information about the action. For example :

قويۇمنىڭ پۇتىنى ئۆزۈم سۇندۇرۇپتىمەنمىش.

*(I am told that) I broke the leg of my sheep. (How can it be possible ? !)*

قويلىرىمنى شۇ ئىككى دېھقان بېقىۋېتىپتىمىش.

*(I am told that) the two peasants were looking after my sheep. (Impossible !)*

مەن ئۇلارغا ئىككى پاخلان بەرگىلىۋېتىپتىمىشمەن

*(I am told thad) I was going to give two lamb to them. (Would I ?)*

4. Hearsay Forms in +دەك

4.1 The suffix of similarity +دەك (refer to Lesson 13, grammar section 1) may occur in a merged form -تىدەك after the converb – perfective suffix -پ° and followed by the 1[st] and 2[nd] person personal endings, in which case the 3[rd] person personal ending appears to be Ø. See the chart below:

| negative | | positive | | person |
|---|---|---|---|---|
| كۆر - مە - پ- | ياز - ما - پ - | كۆر - ۈپ - | ياز - ىپ - | |
| كۆرمەپتىدەكمەن | يازماپتىدەكمەن | كۆرۈپتىدەكمەن | يېزىپتىدەكمەن | مەن |
| كۆرمەپتىدەكمىز | يازماپتىدەكمىز | كۆرۈپتىدەكمىز | يېزىپتىدەكمىز | بىز |
| كۆرمەپتىدەكسەن | يازماپتىدەكسەن | كۆرۈپتىدەكسەن | يېزىپتىدەكسەن | سەن |
| كۆرمەپتىدەكسىز | يازماپتىدەكسىز | كۆرۈپتىدەكسىز | يېزىپتىدەكسىز | سىز |
| كۆرمەپتىدەكسىلەر | يازماپتىدەكسىلەر | كۆرۈپتىدەكسىلەر | يېزىپتىدەكسىلەر | سىلەر |
| كۆرمەپتىدەك | يازماپتىدەك | كۆرۈپتىدەك | يېزىپتىدەك | ئۇ /ئۇلار |

This form of the verb expresses the ridiculing attitude of the speaker toward secondhand information about a completed action. E.g.:

قويۇمنىڭ پۇتىنى ئۆزۈم سۇندۇرۇپتىدەكمەن.

*(I am told that) I broke my sheep's leg myself. (Isn't it ridiculous?)*

4.2 The suffix of similarity +دەك may also occur after the -كۇ/-گۇ/-قۇ/-غۇ verbal-noun form expressing the discontented attitude of the speaker toward the secondhand information about an uncompleted or habitual action. For example:

يەكشەنبە كۈنى سەيلىگە چىقايلى دېسەك يامغۇر ياغقۇدەك.

*We want to go out on Sunday, but (as we are informed) it will rain. (What a nuisance!)*

The suffix +دەك attached to the -كۇ/-گۇ/-قۇ/-غۇ verbal-noun form will be followed by 1[st] and 2[nd] person personal endings. The 3[rd] person personal ending appears to be Ø. See the chart below:

| negative | | positive | | person |
|---|---|---|---|---|
| كۆر ـ مە ـ گۈـ | ياز ـ ما ـ غۇـ | كۆر ـ گۈ ـ | ياز ـ غۇـ | |
| كۆرمىگۈدەكمەن | يازمىغۇدەكمەن | كۆرگۈدەكمەن | يازغۇدەكمەن | مەن |
| كۆرمىگۈدەكمىز | يازمىغۇدەكمىز | كۆرگۈدەكمىز | يازغۇدەكمىز | بىز |
| كۆرمىگۈدەكسەن | يازمىغۇدەكسەن | كۆرگۈدەكسەن | يازغۇدەكسەن | سەن |
| كۆرمىگۈدەكسىز | يازمىغۇدەكسىز | كۆرگۈدەكسىز | يازغۇدەكسىز | سىز |
| كۆرمىگۈدەكسىلەر | يازمىغۇدەكسىلەر | كۆرگۈدەكسىلەر | يازغۇدەكسىلەر | سىلەر |
| كۆرمىگۈدەك | يازمىغۇدەك | كۆرگۈدەك | يازغۇدەك | ئۇ/ئۇلار |

4.3 The particle ئىمىش in the +مىش form can be applied to +دەك hearsay forms to express the doubtful attitude of the speaker toward secondhand information about an action as ridiculous or upsetting. See the examples and chart:

مەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن قوي بەرگۈدەكمىشمەن.

*(I am asked that) I give each one of them a sheep. (Nonsense !)*

ئۇلار مېنىڭ قويلىرىمنى كۆرمەپتىدەكمىش.

*(They said that) they have not seen my sheep. (How can it be possible ?)*

| negative | | positive | | person |
|---|---|---|---|---|
| ياز ـ ما ـ پ ـ تىدەك ـ | ياز ـ ما ـ غۇ ـ دەك ـ | ياز ـ ىپ ـ تىدەك ـ | ياز ـ غۇ ـ دەك ـ | |
| يازماپتىدەكمىشمەن | يازمىغۇدەكمىشمەن | يېزىپتىدەكمىشمەن | يازغۇدەكمىشمەن | مەن |
| يازماپتىدەكمىشمىز | يازمىغۇدەكمىشمىز | يېزىپتىدەكمىشمىز | يازغۇدەكمىشمىز | بىز |
| يازماپتىدەكمىشسەن | يازمىغۇدەكمىشسەن | يېزىپتىدەكمىشسەن | يازغۇدەكمىشسەن | سەن |
| يازماپتىدەكمىشسىز | يازمىغۇدەكمىشسىز | يېزىپتىدەكمىشسىز | يازغۇدەكمىشسىز | سىز |
| يازماپتىدەكمىشسىلەر | يازمىغۇدەكمىشسىلەر | يېزىپتىدەكمىشسىلەر | يازغۇدەكمىشسىلەر | سىلەر |
| يازماپتىدەكمىش | يازمىغۇدەكمىش | يېزىپتىدەكمىش | يازغۇدەكمىش | ئۇ/ئۇلار |

***Plese note**: Hearsay forms based upon the verbal stem intoduced in lessons 24 and 25, together with the* ئىمىش/ئىكەن *secondhand information forms based upon the nominal*

*stem, that were (introduced in Lesson 13) constitute a large variety of morphological forms which refer to direct and indirect release of information obtained through other media or collected by the experience of the speaker. It is important to note that, if the* ئىمىش/ئىكەن *forms based upon nominal stems express secondhand information without the subjective position of the speaker, the verbal hearsay forms are used to express the attitude or position of the speaker toward the information released (such as surprise, dislike, ridicule, discontentment, doubt, etcetera).*

***II Derivational Suffix*** **-كەك /-گەك/-قاق /-غاق**

***The derivational suffix*** **-كەك /-گەك/-قاق /-غاق** *derives nouns from verbal stems:*

ئور- *"to cut; to harvest"* -غاق > ئورغاق *"sickle"*

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

**1. Construct positive and negative continuous hearsay forms in each person of the given verbs and verbal- phrases below:**

چۈش كۆر-، ئويغان -، ئور-، ئويلا-، سۈندۇر-، سوي -، چال -، كۆتۈر-، قوي باق -

**2. Construct positive and negative ئىكەن hearsay forms in each person of the given verbs and verbal -phrases below:**

ياشا-، يېتىلە -، مىن -، مىنگەش-، نەسىھەت قىل -، كۈلدۈر -، ئوقۇت -، قارا-

**3. Construct positive and negative ئىمىش hearsay forms in each person of the given verbs and verbal-phrases below:**

ئەركىلەت -، ئالدۇر -، ئويلا -، ياساتقۇز-، تىرىش -، نەتىجە يارات -

**4. Construct positive and negative +دەك hearsay forms in each person of given verbs below, and then add ئىمىش particle to them:**

يۈگۈر -، قېرى-، تەبرىكلە-

**5. Read and translate the following sentences into English:**

1) ئاۋۇ 70 ياشقا كىرگەن قېرىمۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغۇدەكمىش.
2) ئىمامىمۇ مەندىن بىر قوي سوراپتۇدەك.
3) ئويغىنىپ قارىسام، قويلىرىم مەھەللە تەرەپكە كېتىۋېتىپتۇ.

4) قويلىرىم مېنى تاپالماي، مېنى ئىزدەپ مەھەللىگە مېڭىپتىكەن.
5) شۇ ۋاقىتتا مەن سايىدا ئۇخلاۋېتىپتىكەنمەن.
6) ئۇلار يېنىمدىن ئۆتۈپمۇ مېنى كۆرمەپتۇدەكمىش.
7) مەن ئۇخلاپتىمىشمەن، قويلىرىمنى دېھقانلار بېقىپتىمىش.
8) ئىماممۇ مەندىن بىر قوي ئالاي دەپ مېنى ئىزدەۋېتىپتىكەنمىش.
9) ئۇ دېھقانلارغا: «قويىنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇپ ياخشى قىپسىلەر،» دەۋېتىپتىكەنمىش.
10) مەنمۇ پاك بولغاچقا ئىمامنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىماپتۇدەكمىشمەن.

**6. Read the following passage with the help of your dictionary.**

## تەقدىر ①

شەھەرنى ئايلىنىپ ئاقىدىغان قەدىمىي دەريا بۇرۇنقىدەكلا ئېقىۋېتىپتۇ، لېكىن خۇددى نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلەۋاتقاندەك جىمجىت ئېقىۋېتىپتۇ. كېيىنكى يىللاردىن بېرى ئەتراپىدىكى زاۋۇت – كارخانىلاردىن، دوختۇرخانا، ئاشخانا ۋە ھەر خىل ئېگىز – ئېگىز بىنالاردىن توختىماي چىقىۋاتقان ئەخلەت، گەندە، يۇندىلار يەر ئاستى يوللىرى بىلەن كېلىپ بۇ دەرياغا قۇيۇلۇۋېتىپتۇ. دەريا يەنىلا بۇ- رۇنقى يولىنى بويلاپ يېزا – قىشلاقلار تەرەپكە ئۈنسىز ئېقىپ بېرىۋېتىپتۇ. ئەنە، يېزا قىزلىرى بۇ- رۇنقىدەكلا دەريا سۈيىنى چېلەكلەردە ئېلىپ ئۆيلىرىگە توشۇۋاتقۇدەك. ئېتىزدىكى يىگىتلەر نانلىرى- نى شۇ سۇغا چىلاپ ھوزۇرلىنىپ يەۋاتقۇدەك...

ئاھ تەقدىرىم! بۇ نېمە قىسمەت؟ بۇ سېنىڭ بىزگە بەرگەن جازايىڭمۇ ياكى مەسخىرەڭمۇ؟! ...

---

① This passage is adapted from «قايدىسەن دىلدار» *(Where is My beloved)*, a collection of short stories of مىسكىن) ئۆمەرجان سىدىق). Uighur Publishing House, Kashgar, 2001, p.123.

# Lesson Twenty - Six　　يىگىرمە ئالتىنچى دەرس

## يىگىت تاللاش①

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا گۈزەل بىر قىز بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ جامالىنى كۆرگەن كىشى ئەقلىدىن ئې-زىپ، ھوشىنى يوقىتىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ قىزغا بۇ شەھەردىكى ئۈچ يىگىتتىن ئەلچى كەپتۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى نېمە قى-لىشنى بىلمەي ئويلىنىپ قاپتۇ. ئەمما ئۇ ئۈچ يىگىت قىزنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ ئىشنى كۆرۈپ بېشى قېتىپ، ئۇلارنى قازىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى ئاڭلاپ چىققاندىن كېيىن، قازى قىزنى ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئۆك تەرەپكە، ئۈچ يىگىتنى سول تەرەپكە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر پىيالىدىن چاي قۇيۇپ بېرىپتۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يىگىت خۇدانى گۇۋاھلىققا تارتىپ، نۇرغۇن قەسەم ۋە ۋەدى-لەرنى بېرىپتۇ. ئۈچىنچى يىگىت سۆزلەي دېگەندە قىز تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈپ، بىردەمدىن كې-يىن تىنىقمۇ توختاپ قاپتۇ. ئالدىنقى ئىككى يىگىت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ پەرۋا قىلماي كېتىپ قاپ-تۇ. ئۈچىنچى يىگىت بولسا قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپتۇ ۋە يېنىدىن قىلىچىنى چىقىرىپ ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە سانجىشقا تەييارلىنىپتۇ. شۇ چاغدا قازى ئۇنى توسۇپ:

— نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— بۇنىڭسىز ھايات مەن ئۈچۈن ھارام، — دەپ يەنە يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قازى رازى بو-لۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— باركاللا ئوغلۇم، قىزنىڭ ھەقىقىي لايىقى سەن ئىكەنسەن. بۈگۈندىن باشلاپ ئۇ ساڭا ئامانەت. تويۇڭلارنى قىلىپ مەڭگۈ بەختلىك ياشاڭلار!

يىگىت ھەيران بولۇپ قازىغا قارىسا، قازى كۈلۈپ تۇرۇپ بۇنىڭدىكى سىرنى يىگىتكە سۆزلەپ بې-رىپتۇ. ئەسلىدە قازى قىزنىڭ چېيىغا بىھوش قىلىش دورىسىنى سېلىپ قويغان ئىكەن.

## Vocabulary　　سۆزلۈك

| | |
|---|---|
| 1. to select, to choose, to pick | تاللا- |
| 2. beautiful, pretty | گۈزەل |
| 3. face; appearance, looks | جامال |
| 4. to be confused; lost (off track) | ئاز- |
| 5. sense, consciousness | ھوش |
| 6. to lose; to destroy; to eliminate (causative of - يوقا "to disappear" < يوق "there is no)" | يوقات - (يوق + ا - ت) |
| 7. to contend, to vie, to strive (for); to argue; to dispute | تالاش - |
| 8. to fight (against one another) | ئۇرۇش - |

① This story is adapted from a story of a same title published in «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»' June 24, 2003, p.6.

| | |
|---|---|
| 9. to harden, to solidify; to be frozen | قات– |
| 10. to be frozen/confused | بېشى قات– |
| 11. an Islamic judge | قازى |
| 12. right | ئوڭ |
| 13. left | سول |
| 14. a small bowl, drinking cup | پىيالە |
| 15. witness (< گۇۋاھ "*testimony*") | گۇۋاھلىق (گۇۋاھ + لىق) |
| to ask/call someone for witness | گۇۋاھلىققا تارت– |
| 16. oath, vow | قەسەم |
| to vow | قەسەم بەر– |
| 17. promise | ۋەدە |
| to promise | ۋەدە بەر– |
| 18. to fall, to fall over | يىقىل– |
| 19. breath, respiration (< تىن– "*to breathe*") | تىنىق (تىن – ىق) |
| 20. to stop | توختا – |
| to stop breathing (> to die) | تىنىقى توختا – |
| 21. previous | ئالدىنقى |
| 22. to care; to pay attention (< پەرۋا "*care, attention*") | پەرۋا قىل – |
| 23. bosom; breast | قۇچاق |
| to take into once arm; to embrace | قۇچىقىغا ئال– |
| 24. imitation of sobbing/wailing | ھۆڭ – ھۆڭ |
| 25. to cry, to weep | يىغلا– |
| 26. sword | قىلىچ |
| 27. to take out (*causative of* چىق– "*out*") | چىقار –(چىق – ار–) |
| 28. heart | يۈرەك |
| 29. to pierce; to prick; to puncture; to stab | سانجى – |
| 30. time; moment | چاغ (. ۋاقىت) |
| 31. to block, to bar the way | توس– |
| 32. why (*colloquial*) | نېمىشقا (=نېمە ئۈچۈن) |
| 33. love, affection | مۇھەببەت |
| 34. haram (any thing or deed that is not permitted in Islam) | ھارام |
| 35. to be satisfied (< رازى "*contentment*") | رازى بول– |
| 36. an exclamation expressing satisfaction, contentment | بارىكاللا |
| 37. real, true; exact | ھەقىقىي |
| 38. *adj.*: qualified, worthy; *n.*: mate, companion | لايىق |
| 39. entrusted thing, trust deed; deposit | ئامانەت |
| 40. for ever | مەڭگۈ |
| 41. happy; filled with happiness (< بەخت "*happiness*") | بەختلىك (بەخت +لىك) |
| 42. originally, at first | ئەسلىدە |
| 43. to make/cause someone to lose sense (< ھوش "*sense*") | بىھوش قىل – |
| 44. to put on/in; to add; to construct; to take off (clothes) | سال – |

**Auxiliary Verbs and [V+$V_{aux.}$] Combinatrons**

1 . Some verbs in Modern Uighur may occur as the auxiliaries in complex verbal structures: [V+ $V_{aux.}$] combinations . The main verb in this combination, which occurs in the form of a converb holding the position of the main constituent, denotes the primary meaning of an action . The auxiliary verb, instead of expressing an independent action, functions as a grammatical suppliment and expresses different states of the execution of the action indicated by the main verb . E. g . :

*"He/she read this book in three days"* ئۇ بۇ كىتابنى ئۈچ كۈندە ئوقۇپ چىقتى.

The [V+$V_{aux.}$] combination in this sentence is ئوقۇپ چىق – "to be read thoroughly". The auxiliary verb – چىق in this construction does not express "to go out/up", as it does as an independent verb . It indicates that the action – ئوقۇ "to read", in the converb–perfective form –ئوقۇپ , is to be carried out completely . Compare:

*"He/she read this book for three days."* ئۇ بۇ كىتابنى ئۈچ كۈن ئوقۇدى.

In this sentence ئوقۇدى "read", in the simple past tense form, indicates that the book was read for three days, but not necessarily "all the way through".

Some of the most frequently used auxiliary verbs are listed below .

| *functional meaning in [V+$V_{aux.}$] combinations as auxiliary verbs* | *original lexical meaning as independent verbs* | *verbs* |
|---|---|---|
| execution of an action thoroughly, completely | to go out; to exit; to go up | چىق – |
| testing, trial or attempting attitude toward the action | to look; to look after; to bring up; to breed | باق – |
| a stable/settled state of the action; constant/repeated occurrence of an action | to live; to stay; to stand; to get up | تۇر – |
| unexpected occurrence of an action | to remain/be left behind; to be left over | قال – |
| sudden occurrence of an action | to go down/in; to get on | چۈش – |
| sudden occurrence of an action and its going into a sustained state in that manner | to leave; to depart;to take (=cost) | كەت – |
| execution of an actionwith less attention,care, or stress | to put down; to place; to release; let go | قوي – |
| execution of an action on behalf of others | to give | بەر – |

Examples for the chart:

چىق ـ: بىز شەھەرنى بىر ئايلىنىپ چىقتۇق. (<ئايلان – ىپ چىق –)
*We went all over/around the town.*

باق ـ: سىز بۇ كىتابنى ئوقۇپ باقتىڭىزمۇ؟ (ئوقۇ – پ باق –)
*Did you ever read this book?*
*Lit.: Did you ever have the chance (did you ever try) to read this book?*

تۇر ـ: سىئاتلدا دائىم يامغۇر يېغىپ تۇرامدۇ؟ (<ياغ – ىپ تۇر –)
*Does it always rain in Seattle?*
*Lit.: Does it often/constantly rain in Seattle?*

قال ـ: ئالىمنىڭ ئارزىگۇلگە دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. (<ئاڭلا – پ قال –
*(It just happend that) I heard what Alim said to Arzigul.*

چۈش ـ: ئۇ پەلەمپەيدىن يىقىلىپ چۈشتى. (<يىقىل – ىپ چۈش –)
*He/she (suddenly) fell off the stairs.*

كەت ـ: بۇنى ئالىم بىلىپ قېلىپ خاپا بولۇپ كەتتى. (<خاپا بول – ۇپ كەت –)
*Knowing this, Alim got angry.*

قوي ـ: مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە كۈلۈپ قويدۇم. (<كۈل – ۈپ قوي –)
*I (just) gave a (slight) smile to his words.*

بەر ـ: مومام بىزگە كۈندە ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. (<ئېيت – ىپ بەر–)
*My grandmother used to tell us stories every day.*

2. The [V+V aux.] combination appears in a sentence as a complex verbal stem, and thus it is conjugated as one stem. The necessary verbal suffixes are attached to the end of such combination. In the following chart, the conjugated forms of ئوقۇپ چىق – in the future tense/habitual aspect, present-continuous aspect, simple past tense, and habitual-past tense forms are given as examples.

| habitual past | simple past | present – continuous | future & habitual | person |
|---|---|---|---|---|
| ئوقۇپ چىقاتتىم | ئوقۇپ چىقتىم | ئوقۇپ چىقىۋاتىمەن | ئوقۇپ چىقىمەن | مەن |
| ئوقۇپ چىقاتتىڭ | ئوقۇپ چىقتىڭ | ئوقۇپ چىقىۋاتىسەن | ئوقۇپ چىقىسەن | سەن |
| ئوقۇپ چىقاتتىڭىز | ئوقۇپ چىقتىڭىز | ئوقۇپ چىقىۋاتىسىز | ئوقۇپ چىقىسىز | سىز |
| ئوقۇپ چىقاتتى | ئوقۇپ چىقتى | ئوقۇپ چىقىۋاتىدۇ | ئوقۇپ چىقىدۇ | ئۇ |
| ئوقۇپ چىقاتتۇق | ئوقۇپ چىقتۇق | ئوقۇپ چىقىۋاتىمىز | ئوقۇپ چىقىمىز | بىز |
| ئوقۇپ چىقاتتىڭلار | ئوقۇپ چىقتىڭلار | ئوقۇپ چىقىۋاتىسىلەر | ئوقۇپ چىقىسىلەر | سىلەر |
| ئوقۇپ چىقاتتى | ئوقۇپ چىقتى | ئوقۇپ چىقىۋاتىدۇ | ئوقۇپ چىقىدۇ | ئۇلار |

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1. Discuss the semantic implications of the following [V+V$_{aux.}$] combinations and describe them in English:

سانجىپ قوي ـ، يىغلاپ كەت ـ، توختاپ تۇر ـ، يىقىلىپ چۈش ـ،
ئۇرۇشۇپ قال ـ، تالىشىپ باق ـ، يوقىتىپ قوي ـ، ئېزىپ قال ـ،
تاللاپ بەر ـ، يارىتىپ قال ـ، تەبرىكلەپ قوي ـ، ئېزىپ قال ـ،
ئاپىرىپ باق ـ، ئاپىرىپ قوي ـ، ئاپىرىپ بەر ـ، قۇرۇپ قال ـ، قۇرۇپ كەت
كۈلدۈرۈپ چىق ـ، كۈلدۈرۈپ باق ـ، ئەركىلىتىپ تۇر ـ، ياسىتىپ بەر ـ،
ياسىتىپ قوي ـ، ئويلاپ باق ـ، قېرىپ قال ـ، قاراپ تۇر ـ، يېزىپ چىق ـ

2. Conjugate the [V+V$_{aux.}$] complex stems given in Exercise 1 in different tenses and aspects, and then translate them into English.

3. Read and translate the following sentences into English (provide notes about the feeling of each sentence):

1) يىگىتلەر قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ھوشلىرىنى يوقىتىپ قويۇشتى.
2) ئۈچ يىگىت بىر قىزنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كەتتىمۇ؟
3) قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولغان ئىشنى نېمە ئۈچۈن قازىغا سۆزلەپ بەرمەكچى؟
4) قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قانداق قىلىشنى قازىدىن سوراپ باقماقچىدى (<باقماقچى ئىدى)، قازى ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى.
5) ئىككى يىگىت نېمە ۋەدىلەرنى بېرىپ چىقىشتى؟
6) قىز يىقىلىپ چۈشكەندە ئۇ ئىككى يىگىت قاراپ تۇرۇشتىمۇ، كېتىپ قېلىشتىمۇ؟
7) قىزنىڭ تىنىقى توختاپ قالغاندا ئۈچىنچى يىگىت نېمە قىلماقچى بولدى؟
8) قازى ئۈچىنچى يىگىتنى كۆرۈپلا يارىتىپ قالغانمىدى (<قالغانمۇ ئىدى = قالغان ئىدىمۇ)؟
9) ئۈچىنچى يىگىت نېمە ئۈچۈن يىغلاپ كېتىدۇ؟
10) قىزنىڭ تىنىقى توختاپ قالسا، يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ يىغلاۋاتسا، قازى نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ تۇرىدۇ؟

4. Translate the following phrases into Uighur applying all suitable [V+V$_{aux.}$] combinations, then translate each of your translations back into English.

1) to happen to see
2) to take a look (at)
3) to like (i.e.: to be attracted)
4) to think
5) to get old
6) to lose (something)
7) to stop
8) to join
9) to congratulate
10) to tell

5. Fill in each blank space in the following sentences with an auxiliary verb (select among those listed below) in the appropriate tense:

باق ـ بەر ـ ، تۇر ـ ، چۈش ـ ، چىق ـ ، قال ـ ، قوي ـ ، كەت ـ .

1) چاققان بول ! ئاپتوبۇس كېتىپ ________ !
2) قەشقەرگە مەن ھەر يىلى بېرىپ ________ .
3) بۇ كىتابنى ئوقۇپ ________ ، ياخشى كىتاب ئىكەن.
4) بىز شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ ________ .
5) ئۇ دەرەختىن (tree) يىقىلىپ ________ .
6) مەن ئۇ يوغان ئىتنى كۆرۈپ قورقۇپ ________ .
7) ئاكاڭنى كۆرگەندە بۇ گەپنى ئۇنىڭغا دەپ ________ .
8) خوتەندە كۆرگەنلىرىمنى دوستلىرىمغا سۆزلەپ ________ .

6. Read and translate the following sentences into Uighur applying the most suitable [V+ $V_{aux}$.] combinations:

1) He did not want (*lit.: did not intend*) to show it, I just happen to see it.
2) She cried (*wept*) all day long (*lit: one day*).
3) The little boy fell down while he was running.
4) Let me take a look.
5) What are these people vying for over there?
6) The girl burst out laughing hearing the promises of those stupid boys.
7) Go and congratulate him. (*As it is not a big deal.*)
8) My grandmather used to tell a lot of tales for us.
9) Have you ever eaten Uighurs' polu? You must try it.
10) Go through the text once more (*lit.: read through again one more time*).

7. Read the following with the help of your dictionary and be ready for classroom discussion in Uighur.

## پەلەكتىن قۇيۇن...

كېلىپ يوقلاپ تۇرىدىغان «تۇغقاند-
قاچانكى مەنسەپكە مىنىپ قالدىم. ئەتراپىمدا ھەربىر يۇرتتىن
لىرىم» پەرۋاز ئىدى. شېرىن تۇيغۇ كېچە يۇ كۈندۈز قەلبىمنى يايرىتىپ تۇراتتى. ئۇلارغا نەزەر سې-
لىپ قويسام، گويا باھار نۇرى چېچىلغاندەك، ھەربىرىنىڭ روھى ـ دىلى شادلىققا چۆمۈلۈپ كېتەر
ئىدى. مەنمۇ ھوقۇقۇمنى ئۇلاردىن ئاياپ باقمىدىم، باشلىرىنى سىلاپ تۇردۇم. بىرىنى يىراق جايدىن
يېقىن يەرگە يۆتكەپ قويدۇم؛ يەنە بىرىنى «كەمبەغەل» ئىدارىدىن «پۇللۇق» ئورۇنغا ئالماشتۇرۇپ
قويدۇم؛ مەنسەپ كۆرمىگەن بىرىگە كىچىكرەك بولسىمۇ مەرتىۋە ئېلىپ بەردىم؛ «كۆمۈلۈپ قالغان»
يەنە بىرىنىڭ ئورنىنى يېتەرلىك ئۆستۈرۈپ قويدۇم؛ «ناھەق ئىشسىز قالغان» پەرزەنتلىرىگە «تۆمۈر
تاۋاق» تېپىپ بەردىم.... ئىشقىلىپ «خەلق» نى ئاغزىمدىن چۈشۈرمەي، ھوقۇقۇمنى مەنپەئەتلىك
ماڭغۇزۇپ تۇردۇم. «تۇغقانلىرىم» ئۇلغايدى، «دوست ـ بۇرادەر»لىرىممۇ كۈندىن ـ كۈنگە، يىلدىن ـ
يىلغا كۆپىيىپ تۇردى. مېنىڭ سېخىيلىقىم ئۇلارنى پاراۋان قىلدى. ئۇلارمۇ ئەلۋەتتە مەردانە مەرد-
لىكنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇردى. ئۆزئارا بەرگەنگە بېرىپ تۇردۇق، ئالغاندىن ئېلىپ تۇردۇق، بېرىش ـ
كېلىش ئۆزۈلمەي قايماقتەك كېتىۋاتاتتى.
ھەققانىيەت غەزىپى مېنى
خۇدانىڭ بىر كۈنى پەلەكتىن دەھشەتلىك بىر قۇيۇن چىقىپ كەلدى.
ئاسماندىن يۇلۇپ يەرگە ئۇردى، جەننەتتىن ئېلىپ دوزاخقا سالدى، ئىچىمنى تەتۈر ئۆرۈپ قۇستۇر-
دى، توۋا ـ پۇشايمانغا غەرق قىلدى.
مەنسەپ ئۆلدى، مال ـ دۇنيامۇ قاچتى؛ «قېرىنداشلار» يات بولۇپ، ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا تونۇماس بو-
لۇپ قالدى. «قەدىناس دوستلار» ئەشەددىي رەقىبلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى.
لېكىن پەلەكنىڭ چاقى يەنىلا شۇ مۇقەددەس رىتىمىغا قايتىپ، سالماق ئايلىنىپ تۇراتتى.

# Lesson Twenty-Seven    يىگىرمە يەتتىنچى دەرس

## ھۆرمەتنىڭ كۈچى ①

جېفرى يېڭى ئايروپىلانلارنى سىناق قىلىپ ئۇچۇش بىلەن نام قازانغان مەشھۇر ئۇچقۇچى ئىدى. شۇنداق ئۇچۇشلارنىڭ بىرىدە جېفرى ئاجايىپ مۆجىزە ياراتتى.

بىر كۈنى سىناق ئۇچۇشنى تاماملاپ بولغاندا ئايروپىلاندا تۇيۇقسىز چاتاق چىقىپ قالدى. ئايروپىلاننىڭ ئىككى پىرقىرىغۇچى بىراقلا توختاپ قالدى. بۇ ئۆلۈم خەۋپى ئاستىدا ئۇ تەمتىرەپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئىنتايىن سەگەكلىك بىلەن تەدبىر قوللىنىپ، ئايروپىلاننى بىخەتەر قوندۇرۇۋالىدۇ.

بىخەتەرلىك خادىملىرى ئايروپىلاننى تەكشۈرۈپ ئۆتىدۇ. نەتىجىدە، ئايروپىلانغا ناتوغرا يېقىلغۇ قاچىلانغانلىقى بايقىلىدۇ. يەنى ئۇ ھەيدىگەن پىرقىرىغۇچلۇق ئايروپىلانغا رېئاكتىپ ئايروپىلاننىڭ يېقىلغۇسى قاچىلانغان ئىكەن.

يېقىلغۇ قاچىلاشقا مەسئۇل بولغان مېخانىك بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىدۇ. ئۇ جېفرىنى كۆرۈپلا يىغلاپ تاشلايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئېھتىياتسىزلىقى سەۋەبىدىن، ئايروپىلان ھادىسىگە يولۇققىلى ۋە ئۇچ ئۇچقۇچى ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغان ئىدى.

لېكىن جېفرى ئۇنى كۆرگەندە ئاچچىقلانمايدۇ، چېچىلمايدۇ. بەلكى مېخانىكنى قۇچاقلاپ سەممىي ئاۋازدا: «سېنىڭ قابىلىيەتسىز ئەمەسلىكىڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مەن بىلەن بىللە ئايروپىلاننى رېمونت قىلىشقا سېنى تەكلىپ قىلىمەن.» دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مېخانىك ئىنچىك ئەستايىدىل ئىشلەيدۇ، جېفرىنىڭ ئايروپىلانىدىمۇ ئىككىنچى چاتاق چىقمايدۇ.

جېفرىنىڭ نۇرغۇن ئېسىل سۈپەتلىرى ئىچىدە مانا بۇ ئۇنىڭ ئەڭ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان پەزىلىتى ئىدى. ھاياتتا ھېچكىم خاتالىقتىن خالىي بولمايدۇ. خاتالىق سادىر بولغاندا خاتالىق سادىر قىلغۇچىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ، ئۇنى ئازابلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. خاتالىق سادىر قىلغۇچى خاتالىقنى تونۇپ يەتسىلا ۋە ئۇنى تۈزىتىشكە ئىنتىلسىلا كۇپايە. مۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى توغرا چۈشىنىش، ئۇلارنى تولۇق ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارغا كۆيۈنۈش، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ھەممىدىن مۇھىمدۇر.

## سۆزلۈك    Vocabulary

| | |
|---|---|
| ئۇچقۇچى (<ئۇچ ـ قۇ+ چى) | 1. pilot( < - ئۇچ " *to fly* " ) |
| سىناق (<سىنا ـ ق ) | 2. test; trial (< سىنا ـ " *to test; to try* " ) |
| قازان ـ | 3. to gain, to obtain |
| مۆجىزە | 4. miracle |
| تاماملا ـ (<تامام+ لا ـ ) | 5. to finish, to complete ( < تامام " *end* " ) |
| چاتاق | 6. peoblem; trouble |
| پىرقىرىغۇچ (پىرقىرا ـ غۇچ ) | 7. propeller (< - پىرقىرا " *to rotate* " ) |
| بىراقلا ( بىراق+ لا) | 8. at once; all at once (emphatic form of بىراق, id.) |

---

① This story is adapted from a story of a same title published in «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى», August 7, 2003, p.6.

9. death (< ئۆل - “*to die*”) ئۆلۈم (< ئۆل - م )

10. danger, hazard خەۋپ

11. under, beneath ئاست

12. to panic; to hesitate; to be flustered تەمتىرە -

13. perhaps, may be; but; on the contrary, instead بەلكى

14. alert, clear - headed; awade; sober سەگەك

alertness (< سەگەك - “*alert, clear - headed*”) سەگەكلىك (< سەگەك+ لىك )

vigilantly, alertly سەگەكلىك بىلەن

15. measure, resolution تەدبىر

to take measures, to adopt a resolution تەدبىر قوللان

16. safe, secure (< خەتەر “*danger*”) بىخەتەر (< بى+ خەتەر )

safety, security (< بىخەتەر “*safe*”) بىخەتەرلىك (< بى + خەتەر+ لىك )

17. to land (<causative of قون - “*to land/alight on*”) قوندۇر - (< قون - دۇر -)

18. personnel, clerk, employee خادىم

19. to check; to inspect; to investigate; to examine تەكشۈر -

20. conesquently; at the end; after all (< نەتىجە “*result*”) نەتىجىدە ( نەتىجە + دە )

21. improper, incorrect (< توغرا “*correct, right*”) ناتوغرا (< نا + توغرا )

22. fuel (< يېقىل - “to *be burned*” < ياق - “*to burn*”) يېقىلغۇ (< ياق - ىل + غۇ)

23. to put in; to pack; > to fuel (< قاچا “*dish, bowl*”) قاچىلا- (< قاچا + لا -)

24. to notice; to discover بايقا -

25. in other words, that is to say; namely يەنى

26. to drive; to drive out; to expel ھەيدە -

27. jet رېئاكتىپ

28. mechanic مېخانىك

29 caution, care ئېھتىيات

careless, negligent ( ئېھتىيات “*caution*”) ئېھتىياتسىز (< ئېھتىيات + سىز )

carelessness, negligence (< ئېھتىياتسىز “*careless*”) ئېھتىياتسىزلىق (< ئېھتىياتسىز+ لىق

30. accident; an event ھادىسە

31. to run/bump into; to pay a visit (< يول “*road, way*”) يولۇق - (< يول+ ۇق -)

32. almost, on the point of تاس قال -

33. adj.: better, sour; n.: anger ئاچچىق

34. to be angry, to be annoyed (< ئاچچىق “*anger*”) ئاچچىقلان - (< ئاچچىق+ لان -)

35. (*pass./reflex. of* چاچ - “*to spill, scatter*” >) to be angry/irritated چېچىل -

36. to embrace, to hug (< قۇچاق “*bosom, breast*”) قۇچاقلا - ( قۇچاق+ لا - )

37. honest, sincere سەممىي

38. sound, voice ئاۋاز

39. ability, skill, capability قابىلىيەت

| | |
|---|---|
| incapable (< قابىلىيەت " *skill* " ) | قابىلىيەتسىز (< قابىلىيەت + سىز) |
| 40. proof, evidence | ئىسپات |
| to prove (< ئىسپات " *proof* " ) | ئىسپاتلا - (< ئىسپات + لا -) |
| 41. repair | رېمونت |
| to repair, to fix, to mend | رېمونت قىل - |
| 42. invitation | تەكلىپ |
| to invite | تەكلىپ قىل - |
| 43. consistent (ly), | ئىزچىل |
| 44. diligent; conscientious, earnest; serious | ئەستايىدىل |
| 45. quality; qualification | سۈپەت |
| 46. to value, to treasure (< قەدىر n. " *value* " ) | قەدىرلە - (قەدىر + لە -) |
| 47. to be worthy | ئەرزى - |
| 48. virtue, moral excellence | پەزىلەت |
| 49. secluded; without; apart from everything | خالىي |
| 50. to happen; to occur | سادىر بول - |
| 51. to commit ( a mistake, crime, etc.) | سادىر قىل - |
| 52. fault, mistake | ئەيىب |
| to denounce; to reprove; to accuse | ئەيىبىنى ئاچ - |
| 53. to torment; to torture (< ئازاب n " *torment, suffering* " ) | ئازابلا - (ئازاب + لا -) |
| 54. need; necessity | ھاجەت |
| 55. to recognize; to realize; to admit | تونۇ - |
| 56. to correct; to rectify caus. (< تۈز adj. " straight " ) | تۈزەت -(< تۈز + ە - ت -) |
| 57. to seek for; to intend; to reach out for | ئىنتىل - |
| 59. enough, sufficient | كۇپايە |
| 60. mental, emotional | روھىي |
| 61. condition, sutuation; circumstances; state; mood | ھالەت |
| 62. complete, full adj. (< تول- v. " *to be filled with* " ) | تولۇق (< تول - ۇق) |
| 63. to care, to cherish; to adore; to show tender affection for | كۆيۈن - |
| 64. to inspire v. (< رىغبەت n. " *inspiration* " ) | رىغبەتلەندۈر - (< رىغبەت + لەن -) |

Crammar

گراماتىكا

**I Auxiliary Verbs and [V +V $_{aux}$.] Combinations** (Continued)

3 . Below are some auxiliary verbs in addition to those introduced in Lesson 26 . Each of these auxiliary verbs expresses a unique feature in regard to the manner in which the main action is executed .

| *functional meaning in [V+V$_{aux}$.] combinations as auxiliary verbs* | *original lexical meaning as independent verbs* | *verbs* |
|---|---|---|
| conclusive ending of a cognitive action | to reach, arrive; to be enough/sufficient | يەت - |
| complete execution of an action | to be, become; to happen | بول - |
| execution of an action without tension in a duration of time | to pass; to cross; to go through | ئۆت - |
| effortless fixed state of an action | to sit down; to live; to set (sun set) | ئولتۇر- |
| lasting state of an action from the past | to come, arrive; come to | كەل - |
| consistent, successive but aimless execution of an action | to walk; to roam around; to associate with | يۈر - |
| scattered, sporadic static state of an action | to lie; to lie down | يات- |

| | | |
|---|---|---|
| involuntary execution of an action | to put in; to add | سال – |
| continuous progress of an action in certain direction | to go | بار – |
| overwhelming state of emotion | to overflow | تاش – |
| testing, trial or attempting attitude toward an action | to see | كۆر – |
| involuntary outburst of an action; thourough execution of an action | to drop, throw away | تاشلا – |
| the beginning and continuation of an action | to start, begin; to lead | باشلا – |
| thorough execution of an action for one's own benefit/sake | to take; to get; to buy | ئال – |
| thorough execution of an action; involuntary outbreak of an actoin | to do; to make; to cook | ئەت – |

Examples to the chart:

يەت – : مەن ئۇنىڭ يامان ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. (تونۇ – پ يەت – )

*I fully realized that he is a bad man.*

بول – : بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولۇپ سىزگە بېرەي. (ئوقۇ – پ بول – )

*Let me give you this book when I am done reading it.*

ئۆت – : مۇئەللىم ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. (تونۇشتۇر – ۇپ ئۆت –)

*The teacher gave us (a brief) introduction about Uighur culture.*

ئولتۇر –: بىز بىر كۈن ھېچ ئىش قىلماي پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. (پاراڭلاش – ىپ ئولتۇر – )

*We chat all day long doing nothing.*

كەل – : ئىككى ئايدىن بېرى يامغۇر توختىماي يېغىپ كېلىۋاتىدۇ. (ياغ – ىپ كەل – )

*It has been raining constantly for the past two months.*

يۈر – : ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئويناپ يۈرىدۇ. (ئوينا – پ يۈر – )

*He plays around from dawn to dusk.*

يات – : ئۇ ئۆزى ئىشلىمەي، ئايالىنىڭ تاپقىنىنى يەپ ياتاتتى. (يە – پ يات –)

*He used to live on his wife's earnings, but did not work himself.*

سال –: مەن بۈگۈن تاماقنى بەك جىق يەپ سالدىم. (يە – پ سال –)

*I happened to eat too much today.*

بار ـ: ھاۋا كۈندىن - كۈنگە ئىسسىپ بارماقتا ئىدى. (ئىسسى - پ بار ـ )
*It was getting warmer day by day.*

تاش ـ : ئۇنىڭ كۆڭلى شادلىققا تولۇپ تاشقان ئىدى. (تول - ۇپ تاش ـ)
*His heart was (over) filled with joy.*

كۆر ـ بۇ ئىشنى سەن بىر ئويلاپ كۆر. (ئويلا ـ پ كۆر ـ)
*You (try to) think it over.*

تاشلا ـ : مېخانىك جېفرىنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىدى. (يىغلا ـ پ تاشلا ـ )
*The mechanic burst into tears seeing Jeffrey.*

4. The main verb in the [V+V$_{aux.}$] complex verbal stem occurs in the form of the converb – perfective (°پ – V), and the auxiliary verb carries the predicative endings, functioning as the final part of such complex verbal stem.

4.1 However, the auxiliary verb – باشلا does not integrate with the converb – perfective form of the main verb, but with the converb – objective form of it. It can also be replaced by its verbal – noun form of it in the dative case. Compare:

باشلا ـ: تەتىل تۈگىدى. بالىلار مەكتەپكە كەلگىلى باشلىدى. (كەل - گىلى باشلا ـ)
تەتىل تۈگىدى. بالىلار مەكتەپكە كېلىشكە باشلىدى. (كەل - ىش+ كە باشلا ـ)
*Vacation is over. Children began to come to school.*

In addition with a slight semantic influence on the sense of the sentence, the auxiliary verb – باشلا can be replaced by the auxiliary verb – چۈش, – تۇر or – قوپ " *to get up, stand up* ", which can occasionally be used as an auxiliary verb. Compare:

باشلا ـ ئۇ ئۆيگە كىرىپلا سۆزلىگىلى/سۆزلەشكە باشلىدى.
*He began to talk as soon as he entered the house.*

چۈش ـ ئۇ ئۆيگە كىرىپلا سۆزلىگىلى/سۆزلەشكە چۈشتى.
*He went on talking as soon as he entered the house.*

تۇر ـ ئۇ ئۆيگە كىرىپلا سۆزلىگىلى/سۆزلەشكە تۇردى.
*He started talking (for no reason) as soon as he entered the house.*

قوپ ـ ئۇ ئۆيگە كىرىپلا سۆزلىگىلى/سۆزلەشكە قوپتى.
*He got into talking as soon as he entered the house.*

4.2 The auxiliary verbs – ئال and – ئەت integrate with the converb – perefective form of the main verb. However, the two merge with the converb – perfective suffix °پ – and occur as fused suffixes – ۋال ° – and – ۋەت ° – respectively. E.g.:

ئال ـ : جون ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىۋالدى. (< ئۆگەن ـ ئۇال ـ < ئۆگەن ـ ىپ ئال ـ )

*John mastered Uighur well.*

ئەت ـ : ئون مانتىنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتتىڭمۇ ؟ (< يە ـ ۋەت ـ < يە ـ پ ئەت ـ)

*Did you eat up all ten mantas ?*

4 . 3 Besides integrating with converb – perfective , the auxiliary verb – يات may also be integrated with the converb – objective form of the main verb . The merger of – يات with the converb – objective suffix ـ كىلى/ ـ گىلى / ـ قىلى / ـ غىلى into the fused stem final suffix as ـ كىلىۋات ـ / ـ گىلىۋات ـ / ـ قىلىۋات ـ / ـ غىلىۋات ـ would occur during such integration. This fused suffix expresses a state of intentional movement.

E.g. :

كەتكىلىۋاتىمەن < كەت ـ كىلىۋات ـ ى ـ مەن < كەت ـ كىلى يات ـ ى ـ مەن

*I am going to leave. (i.e : " I am in the mood/have the intention to leave.")*

يازغىلىۋاتىمەن < ياز ـ غىلىۋات ـ ى ـ مەن <ياز ـ غىلى يات ـ ى ـ مەن

*I am going to write. (i.e : " I am getting ready to write.")*

4 . 4 . Going through the chart of auxiliary verbs in this lesson , it can be seen that the auxiliary verbs – ئەت and – تاشلا share a common point in expressing "*involuntary outburst*" of the action. Thus , the two can be used interchangeably in certain contexts. For example :

مېخانىك جېفرىنى كۆرۈپ يىغلىۋەتتى (<يىغلا ـ پ ئەت ـ ت ـ ى).

مېخانىك جېفرىنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىدى (<يىغلا ـ پ تاشلا ـ د ـ ى).

*The mechanic burst into tears after he saw Jeffery.*

5 . Negation of the [V+$V_{aux.}$] complex stem

Negation of the [V+$V_{aux.}$] complex stem is also composed by applying the verbal negative suffix. ـمە/ ـ ما.

5 . 1 As it is the suffix which holds the primary positon after the stem , ـمە/ ـ ما should also be attached to the end of the [V+$V_{aux.}$] complex stem , i.e. to the auxiliary verb, negating the entire action (retaining the implication of the auxiliary verb).

Compare the positive and negative forms of the [V+$V_{aux.}$] complex stem بول – ئوقۇپ in the following examples :

گېزىتنى ئوقۇپ بولدۇم. (ئوقۇ ـ پ بول ـ د ـ ۇم)

*I read the newspaper. (i.e. : I am done with reading the newspaper.)*

گېزىتنى ئوقۇپ بولمىدىم. (ئوقۇ ـ پ بول ـ ما ـ د ـ ىم)

*I did not finish reading the newspaper.*

5.2. [V+$V_{aux}$] combinations with the auxiliary verbs – قال and – قوي may display a peculiar negative form. Namely, both the main verb and the auxiliary verb of these complex combinations may occur in the negative form. Such double negation generally expresses necessary, definite, or unquestionable execution of the action rendered by the main verb in the combination. For example:

قوي – : بۇ كىتابنى ئوقۇماي قويمايمەن.

*I will certainly read this book.*
*(Lit.: I will not leave this book not reading it.)*

قال – : بۇ ئىشلارنى ئۇمۇ بىلمەي قالمايدۇ.

*He/she certainly also knows (or: he/she will know) these affirs.*
*(i.e.: He/she will not be left out not knowing these affairs.)*

## Ⅱ Some Derivational Prefix and Suffixes

**1. Derivational Prefix** +نا

The prefix +نا is one of only four derivational prefixes adopted from Persian (i.e.: +نا, +بى, +بەت, +بە). It derives adjectives from nominal stems. Its function is similar to that of the prefix +بى introduced in Lesson 24. E.g.:

توغرا "*correct*" > نا+ توغرا > ناتوغرا "*incorrect*"

**2. Derivational Suffix** – كۇچ/ – گۇچ/ – قۇچ/ – غۇچ
**The suffix** – كۇچ/ – گۇچ/ – قۇچ/ – غۇچ **– derives noun from verbal stems. E.g:**

پەرقىرا – "*to rotate*" – غۇچ > پەرقىرغۇچ "*propeller*"
ئاچ – "*to open*" – قۇچ > ئاچقۇچ "*key*"

**3. Derivational Suffix** – كۇ/ – گۇ/ – قۇ/ – غۇ
**The suffix** – كۇ/ – گۇ/ – قۇ/ – غۇ. **– derives noun from verbal stems. E.g.:**

ياق – "*to light*" > يېقىل – (passive) – غۇ > يېقىلغۇ "*fuel*"
سەز – "*to sense*" – گۇ > سەزگۇ "*sensation*"

**4. Derivational Suffix** + لەن –/ + لان –
**The suffix** + لەن – /+لان – **derives verb from nominal stems. E.g.:**

ئاچچىق "*pungent; anger;*" + لان – > ئاچچىقلان – "*to get angry*"
قانائەت "*satisfaction*" + لەن –> قانائەتلەن "*to be satisfied*"

**5. Derivational Suffix** + ىك –/ + ىق – / + ۋۇق –
**The suffix** + ىك – / + ىق – / + ۋۇق – **derives verb from nominal stems. E.g.:**

يول – "*road, way*" + ۋۇق > يولۇق – "*to pay a visit; to drop by*"
بىر "*one*" + ىك > بىرىك "*to unify*"

## Exercises and Assignments مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

**1. Discuss the semantics of the following phrases and describe them in English:**

سانجىپ كۆردۈم، يىغلاپ يۈرىدۇ، توختىتۋالدى، چۈشىنىپ يەتتۇق، كۆرۈپ بولدىڭلارمۇ؟ ئىشلەپ
كېلىۋاتىمەن، چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي، سۆزلەپ ئولتۇرمايلى، كەتكىلىۋاتامسەن؟ ئاڭلاپ سالدىم، ئىمز -
دەشكە باشلامدۇق؟ ئازابلىغىلى باشلىدى، تۈزىتىپ بارىمىز، ئىسپاتلاپ تاشلىماقچى، تونۇۋالدىم، ئېر -
چىۋەتتىڭىزمۇ؟ تەكشۈرگىلى تۈردى، ئاچچىقلانغىلى قوپتى، قاچىلىغىلى چۈشتۇق، ئىسسىپ بېرىۋا -
تىدۇ، چېچىلىپ ياتىدۇ، تۈزىتىپ بولمىدى، تونۇپ يەتمىدىڭ، ئىنتىلىپ كۆرمىدىم، كۆيۈنۈپ يۈر -
مەڭلار، رىغبەتلەندۈرۈۋەتتۇق، ئازابلاپ تاشلىدى، ئېچىپ سالماڭ، قەدىرلەپ ئۆتمىدۇق، ئىسپاتلىغى -
لىۋاتمايمىز، قۇچاقلىۋالىمەن، ئاچچىقلىنىپ ئولتۇرمايمەن، يولۇقۇپ كەلدى، ھەيدىۋەت، تامالاشقا
باشلىدۇق، قوللانغىلى قوپتۇق، تەمتىرەپ يۈرمىسۇن، قوندۇرۇپ بولدى، بايقاپ يەتتىڭمۇ؟

**2. Change all of the positive phrases in Exercise 1 into negative phrases in the same tense forms and the negative once into positive.**

**3. Read and translate the following sentences into English (providing a note about the meaning implied by complex verbal stem):**

1) سىز بۇ چاتاقنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ يەتتىڭىزمۇ؟
2) ئايروپىلاننى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن جېفرى نېمە قىلدى؟
3) مېخانىكلار ھەممە يەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتۈپ چاتاقنى تاپتى.
4) باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ ئولتۇرۇش ياخشى پەزىلەت ئەمەس.
5) شۇنىڭدىن كېيىن مېخانىك تىرىشىپ ئىشلەپ كېلىۋاتامدۇ؟
6) يىل بويى ئىشلىمەي نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟
7) جېفرى يەنە سىناق ئۇچۇشقا چىققىلىۋاتسا يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ.
8) مېخانىك ئېھتىياتسىزلىق بىلەن ئايروپىلانغا ناتوغرا يېقىلغۇنى قاچىلاپ سالغان ئىكەن.
9) مېخانىك ئۆزىنىڭ قابىلىيەتسىز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بارماقتا ئىدى.
10) ئۇنىڭ كۆڭلى شادلىق بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى.
11) مېخانىك بۇنى ئاڭلاپلا قورقۇشقا باشلىدى.
12) جېفرى ئاچچىقلانمىدى. بەلكى ئۇنى قاتتىق قۇچاقلىۋالدى.
13) جېفرىنىڭ سەممىي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مېخانىك يىغلىۋەتتى.
14) جېفرى يەرگە قونۇپلا ئايروپىلاننى تەكشۈرگىلى چۈشتى.
15) ئۇلار جىق گەپ قىلىپ ئولتۇرماي ئىشنى باشلىۋەتتى.
16) ئۆزۈڭ تەكشۈرۈپ كۆرمىگەن ئىشنى ھەممە يەردە سۆزلەپ يۈرمە.
17) مەن بۇ چاتاقنى تۈزەتمەي قويمايمەن.
18) ئېھتىيات قىلمىغان ئادەم ھادىسىگە يولۇقماي قالمايدۇ.
19) خاتالىق سادىر بولغاندا ئازابلىنىپ ئولتۇرماي، ئۇنى تۈزىتىشكە ئىنتىلىپ كۆر.
20) بۇ گەپلەرنى باشقىلارغا دەپ سالمىغىن!

**4. Read the following story with the help of your dictionary.**

## ئۇنتۇپ قالماپتىكەنسىز ①

ئامېرىكا زۇڭتۇڭى رېگان بىر كۈنى بىر چوڭ يىغىندا نۇتۇق سۆزلىگىلى بېرىپتۇ. ئۇنىڭ خانىمى
نەنسىمۇ بىللە بېرىپتۇ. نەنسى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىز ئورۇندۇق بىلەن بىللە يەرگە يىقىلىپ
چۈشۈپتۇ ـ دە، دەرھال چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇۋاپتۇ. يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان كىشىلەر نەن-
سىنىڭ چاققانلىقىغا چاۋاك چېلىشىپ كېتىپتۇ. نەنسىدىن ھال سورىغىلىۋاتقان رېگان چاۋاكنى
ئاڭلاپ قىزىقچىلىق قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:
— مېنىڭ سۆزۈمگە كىشىلەر چاۋاك چېلىپ قويۇشمىسا، مۇشۇنداق قىلىڭ دېگەنىدىم. ياخشى،
ئۇنتۇپ قالماپتىكەنسىز ـ دە.

① This anecdote is adapted from «كۈندە بىر كۈلكە» (A Laughter a Day), Xinjiang People's Health Publishing House, 2003, Urumqi. V. 1, p. 88.

## Lesson Twenty - Eight

## يىگىرمە سەككىنچى دەرس

### ئۆگزەمدىن ئارتىلدۇرۇپ ئەكىتىڭلار ①

ياز بويى يامغۇر ياغمىغاچقا، مەھەللىدىكىلەر نەزىر قىلىپ خۇدادىن يامغۇر تىلىمەكچى بولۇپ ئۆيمۇ ئۆي پۇل ۋە نەرسە ـ كېرەكلەر يىغىپتۇ. نۆۋەت بىر بېخىلنىڭكىگە كەلگەندە بېخىل زادىلا بىر نەرسە بەرگىلى ئۇنىماپتۇ.

— يامغۇر سىزنىڭ بېغىڭىزغىمۇ ئامەت ئەكىلىدۇ، — دەپتۇ پۇل ۋە نەرسە ـ كېرەك يىغقىلى كەلگەن كىشىلەر.

— بىسىدىن تەلىيىم يوق، — دەپتۇ ھېلىقى بېخىل، — قۇرۇق گېپىڭلارنى نەگە ئاپارساڭلار ئا- پىرىڭلار.

— ئۇنداق دېمەڭ. سىزدىن باشقا ھەممىسى بەردى. سىزمۇ ئازراق بىر نېمە ئاچىقمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— ھە بولدى، شۇ يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇتنى مېنىڭ ئۆگزەمدىن ئارتىلدۇرۇپ ئەكىتىڭلار.

### ئەڭ ياخشى نەرسە ②

بىر پەيلاسوپ شاگىرتلىرىنى يىغىپ:

— دۇنيادا ئەڭ ياخشى نەرسە نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاگىرتلىرىدىن بىرى ئەقىل دېسە، بىرى ياخشى قوشنا دەپتۇ. يەنە بىرى ئالدىن كۆرەرلىك دەپتۇ.

پەيلاسوپ ھەممىسىگە بېشىنى چايقاۋېرىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بىر شاگىرت:

— دۇنيادا ئەڭ ياخشى نەرسە ياخشى قەلب، — دەپتۇ.

— ناھايىتى توغرا، — دەپتۇ پەيلاسوپ شۇ چاغدا، — شۇ بولسىلا قالغان ھەممە نەرسە بولىدۇ.

### Vocabulary — سۆزلۈك

| | |
|---|---|
| 1. roof | ئۆگزە |
| 2. to carry/pass over ( < ئارتىل - " *to climb*") | ئارتىلدۇر (< ئارتىل ـ دۇر ـ ) |
| 3. to take away | ئەكەت ـ |
| 4. throughout summer | ياز بويى (=يازچە) |
| 5. a muorning ceremony after one's death | نەزىر |
| 6. God | خۇدا |
| 7. to beg; hope, wish | تىلە ـ |
| 8. house by house | ئۆيمۇ ئۆي |
| 9. necessities | نەرسە ـ كېرەك |
| 10. to collect, gather | يىغ ـ |
| 11. turn, time, chance | نۆۋەت |
| 12. stingy (adj); a miser, a stingy man (n). | بېخىل |
| 13. at all (*emphatic of* زادى " *never*") | زادىلا (< زادى+ لا) |

---

① This storyis adapted from a story from «دۇردانە لەتىپىلەر» (Precios Anecdotes) by ماخمۇت مۇھەممەت. Xinjiang People's Publishing House, Urumqi, 2003, p.66.

② Same. p. 20 - 21.

14. to agree (to do something) — ئۇنا –
15. orchard; garden — باغ
16. fortune, luck — ئامەت
17. to bring — ئەكەل –
18. on credit (buying or selling to be paid later) — نىسى
19. luck; chance — تەلەي
20. dry; empty (< – قۇرۇ " *to dry*") — قۇرۇق (قۇرۇ – ق)
21. nonsense; empty talk — قۇرۇق گەپ
22. to take out /away — ئاچىق –
23. cloud — بۇلۇت
24. philosopher — پەيلاسوپ
25. pupil, apprentice — شاگىرت
26. foresight (< – ئالدىن كۆر " to *foresee*") — ئالدىن كۆرەرلىك
27. to shake; to rinse — چايقا –
28. soul, heart — قەلب

## Grammar — گىراماتىكا

### 1. Expression of Sustained Action

1.1 The sustained state of an action is expressed by application of the auxiliary verb بەر – to the converb – imperfective form of the verb. In such combinations, the auxiliary verb بەر – would merge with the converb – imperfective suffix ا –/ە – into a fused suffix ۋەر – ( – ۋەر after volwels, ىۋەر – after consonants).

1.2 This form of the verb expresses the sustained state of the action, i.e, the action is designated to continue, be prolonged, maintained. E.g.:

پەيلاسوپ ھەممىسىنىڭ جاۋابىغا بېشىنى چايقاۋېرىپتۇ.

*The philosopher kept shaking his head to of all of their answers.*

يامغۇر سىلەرنىڭ بېغىڭلارغا ياغىۋەرسۇن، مەن ئۇنىڭغا پۇل بەرمەيمەن.

*Let in rain onto your orchards, I am not paying for it.*

*(Lit.: Let the rain keep falling on to your...)*

1.3 This form of the verb can be conjugated as a verbal stem. See examples of conjugated positive sustainability forms of the verb ياز – below:

| ياز – > ياز – ا بەر> يازىۋەر – | | | person |
|---|---|---|---|
| basic hearsay | voluntary/imperative | future declarative | |
| يازىۋېرىپتىمەن | يازىۋېرەي | يازىۋېرىمەن | مەن |
| يازىۋېرىپتىمىز | يازىۋېرەيلى | يازىۋېرىمىز | بىز |
| يازىۋېرىپسەن | يازىۋەر ؛ يازىۋەرگىن | يازىۋېرىسەن | سەن |
| يازىۋېرىپسىز | يازىۋېرىڭ | يازىۋېرىسىز | سىز |
| يازىۋېرىپسىلەر | يازىۋېرىڭلار | يازىۋېرىسىلەر | سىلەر |
| يازىۋېرىپتۇ | يازىۋەرسۇن | يازىۋېرىدۇ | ئۇ/ئۇلار |

**Note**, that the vewel "ە" in the structure of the merged suffix ۋەر – is changed into "ې", but not to "ى", even though it is not in the first syllable of the word structure. This is due to its derivation from the monosyllabic verb بەر –.

1.4 The application of the negative suffix and the inter, ogative particle to this form of the verb is the same as to any standard verbal stem.

See the examples of يازىۋەر –:

| simple past tense | | future tense | | |
|---|---|---|---|---|
| negative | positive | negative | positive | person |
| يازىۋەرمىدىممۇ | يازىۋەردىممۇ | يازىۋەرمەمدىمەن<br>يازىۋەرمەمدىم<br>يازىۋەرمەيمەنمۇ | يازىۋېرەمدىمەن<br>يازىۋېرەمدىم<br>يازىۋېرىمەنمۇ | مەن |
| يازىۋەرمىدۇقمۇ | يازىۋەردۇقمۇ | يازىۋەرمەمدىمىز<br>يازىۋەرمەمدۇق<br>يازىۋەرمەيمەنمۇ | يازىۋېرەمدىمىز<br>يازىۋېرەمدۇق<br>يازىۋېرىمىزمۇ | بىز |
| يازىۋەرمىدىڭمۇ | يازىۋەردىڭمۇ | يازىۋەرمەمسەن | يازىۋېرەمسەن | سەن |
| يازىۋەرمىدىڭىزمۇ | يازىۋەردىڭىزمۇ | يازىۋەرمەمسىز | يازىۋېرەمسىز | سىز |
| يازىۋەرمىدىڭلارمۇ | يازىۋەردىڭلارمۇ | يازىۋەرمەمسىلەر | يازىۋېرەمسىلەر | سىلەر |
| يازىۋەرمىدىمۇ | يازىۋەردىمۇ | يازىۋەرمەمدۇ | يازىۋېرەمدۇ | ئۇ/ئۇلار |

**2. Some Fused Compound Verbs**

A compound verb is a combination of two or more words into a complex verbal stem. As a result, some combinations will fuse into a single word that cannot be separated. Here are some examples of such verbs.

2.1 The converb – perfective form of the verb ئال – in combination with the verbs كەل –، كەت –، كىر –، چىق – and بار – constitute verbal – phrases ئېلىپ كەل – "*take and come*", ئېلىپ كەت – "*take and leave*", ئېلىپ كىر – "*take and come in*", ئېلىپ چىق – "take and out", ئېلىپ بار – "take and go", which express consecutive actions. As a result of the morpho – semantic merging of the two constituents in these verbal phrases, the new word ئەكەل – "*to bring*", ئەكەت – "to take away", ئەكىر – "to bring in", ئاچىق – "to take out" and ئاپار – "to take over" emerge.

Compare the examples in each group below:

1) ئۇ كومپيۇتېرنى ئېلىپ كۇتۇپخانىغا كەلدى.

*He came to the library with his computer. (i.e.: He took and came.)*

ئۇ كومپيۇتېرنى كۇتۇپخانىغا ئەكەلدى.

*He brought his computer to the library.*

2) ئۇ كومپيۇتېرنى ئېلىپ كۇتۇپخانىغا كەتتى.

*He left for the library with his computer. (i.e.: He took and went.)*

ئۇ كومپيۇتېرنى كۇتۇپخانىغا ئەكەتتى.

*He took his computer to the library.*

3) ئۇ كومپيۇتېرىنى ئېلىپ كۇتۇپخانىغا كىردى.

*He walked into the library with his computer. (i.e. : He took and came in.)*

ئۇ كومپيۇتېرىنى كۇتۇپخانىغا ئەكىردى.

*He took his computer into the library.*

4) ئۇ كومپيۇتېرىنى ئېلىپ كۇتۇپخانىدىن چىقتى.

*He went out from the library with his computer. (i.e. : He took and out.)*

ئۇ كومپيۇتېرىنى كۇتۇپخانىدىن ئاچىقتى.

*He took his computer out of the library.*

5) ئۇ كومپيۇتېرىنى ئېلىپ كۇتۇپخانىغا باردى.

*He went to the library with his computer. (i.e. : He took and went.)*

ئۇ كومپيۇتېرىنى كۇتۇپخانىغا ئاپاردى.

*He took his computer to the library.*

2.2 The final consonant " ل " in – ئەكەل may be dropped in certain occasions. For example :

ئۇ كومپيۇتېرىنى كۇتۇپخانىغا ئەكەپتۇ.

*(As it is known to me now) he brought his computer to the library.*

2.3 Another fused verb – قويقوي ( ≧ – قوقوي) of similar origin, is also used frequently in everyday conversation.

It is derived from the merger of the auxiliary verb – قوي with the preceding verb – قوي "*to put down; to leave alone*" as in – قويۇپ قوي "*just put it down; leave it there/here*".

However it is only a merger of two constituents in a [V+$V_{aux}$] combination. Both forms denote the same meaning. For example :

كومپيۇتېرنى ئاۋۇ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قوي.
كومپيۇتېرنى ئاۋۇ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويقوي/قوقوي.

*Just leave the computer on the top of that table.*

2.4 The reason for introducing these fused verbs is that the original verbal phrases may cause some ambiguities in certain contexts. For instance :

بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە بالىلىرىڭنى ئېلىپ كەل.

This sentence may mean : "*When you come to our home take your children with you (i.e. : take your children and come).*" Or it may mean : "*Bring your children when you come to our home)*" Such ambiguity is caused by application of the verbal phrase – ئېلىپ كەل in the place of the fused compound verb – ئەكەل.

One more example of such an ambiguous sentence :

مەن گۆشنى ئېلىپ كىرسەم تاماق پىشىپ بوپتۇ.

*a : When I bought the meat and came, I found the meal was already cooked.*
*b : I found the meal was already cooked when I brought meat.*

## Exercises and Assignments

## مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلار

1. Construct " sustained action " forms of folowing verbs :

ئارتىلدۇر – ، ئەكەت – ، تىلە – ، يىغ – ، ئۇنا – ، ئەكەل –، ئاپار – ، ئاچىق – ، قوپقوي –

2. Conjugate the " sustained action " forms of the verbs in Exercise 1 in the negative simple past tense.

Example :

ئوقۇ-> ئوقۇ – ۋەر –>ئوقۇۋەر – مە –: ئوقۇۋەرمىدىم، ئوقۇۋەرمىدۇق، ئوقۇۋەرمىدىڭ، ئوقۇۋەرمىدىڭىز، ئوقۇۋەرمىدىڭلار، ئوقۇۋەرمىدى

3. Construct continuous hearsay forms from the " sustained action " forms of the verbs in Exercise 1.

Example :

ئوقۇ-> ئوقۇ – ۋەر–> ئوقۇۋەر – ىۋات –> ئوقۇۋىرىۋات – ىپ –: ئوقۇۋىرىۋىتىپسەن، ئوقۇۋىرىۋىتىپسىز، ئوقۇۋىرىۋىتىپتىمىز، ئوقۇۋىرىۋىتىپسىلەر، ئوقۇۋىرىۋىتىپسىلەر، ئوقۇۋىرىۋىتىپتۇ

4. Apply the interrogative particle to the positive " sustained action " forms of the verbs in Exercise 1 in the future tense.

Example :

ئوقۇ-> ئوقۇ –ۋەر–> ئوقۇۋەر –: ئوقۇۋىرىمەنمۇ؛ ئوقۇۋىرەمدىمىز/ئوقۇۋىرەمدۇق/ئوقۇۋىرىمىزمۇ؛ ئوقۇۋىرەمدىمەن/ئوقۇۋىرەمدىم/ئوقۇۋىرەمسەن، ئوقۇۋىرەمسىز، ئوقۇۋىرەمسىلەر، ئوقۇۋىرەمدۇ.

5. Read and translate the following sentences into English :

1) بىخىل «ئەتە بىرەي، ئۆگۈن بىرەي» دەپ قۇرۇق ۋەدىنى بىرىۋىرىپتۇ.

2) مەھەللىدىكى كىشىلەرمۇ ئۇنىڭدىن زىرىكمەي سوراۋىرىپتۇ.

3) — ئەگەر يامغۇر يىغىپ قالسا مەن بىغىمنى باشقا يەرگە ئەكىتەي، — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ بىخىل ئادەم.

4) — ئەنە يامغۇر ياغقىلىۋاتىدۇ، يەنە «بەرمەيمەن» دەپ ئولتۇرۇۋىرەمسەن؟ — دەپ خاپا بولۇشۇپتۇ كىشىلەر.

5) بىخىل پۇل بەرمىگەن بولسىمۇ، يامغۇر ئۇنىڭ بىغىغىمۇ ياغىۋىرىپتۇ.

6) — خۇدادىن بىز تىلىگەن يامغۇر سىنىڭ بىغىڭغىمۇ چۈشۈپ كەتتى، ئەمدى بىرەر نەرسە ئاچىقىپ بىرەرسەن؟ — دەپتۇ كىشىلەر بىخىلغا.

7) — بولۇتنى ئۇنىڭ ئۆگزىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئەكىتەلمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پەيلاسوپ مەھەللىدىكى كىشىلەردىن.

8) خۇدا بەرگەن ئامەتنى ئۇنىڭ بىغىدىن ئەپقىچىپ كىتەلمەيسىلەر، ئەمدى سۆزلەۋىرىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ پەيلاسوپ.

6 . Make sentences using the verbs below in “ sustained action ” action forms :

تىلەۋىر ـ ، يىغىۋىر ـ ، ئۇناۋەر ـ

7 . Make sentences using the fused compound verbs below :

ئەكەل ـ ، ئەكەت ـ ، ئاپار ـ ، قويۇۋەت ـ

8 . Read and translate the following passage with the help of your dictionary .

## ھۆكۈم ①

پادىشاھنىڭ بىر ياشلىق بىر ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ بالىسىنى ئۇستىگە مىندۈرۈپ ئويندـ
تىۋاتسا، خىزمەت دوكلات قىلغىلى كىرگەن بىر ۋەزىر بۇنى كۆرۈپ:
ــ ئۇلۇغ شاھىم، سىز دېگەن بىر ئالىي زات. بىر كىچىك بالا سىزنى مىنىۋېلىپ ئۇستىلىرىگە
دەسسەۋەرسە، بۇ سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىزگە نۇقسان ئەمەسمۇ؟ ــ دەپتۇ.
پادىشاھ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، چاۋاك چېلىپ كاتىپنى چاقىرىپتۇ.
ــ ياز، ــ دەپ ھۆكۈم قىپتۇ ئۇ، ــ ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىسى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى ئۆـ
زىگە نومۇس دەپ بىلگۈچىنىڭ ئۆز خەلقىگە، مىللىتىگە، دىنىغا ھېچقانداق مېھرى بولمايدۇ. ئۇنىڭ
كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدىغىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئابرۇيى ۋە مەنپەئىتى. شۇڭا بۇ ۋەزىرنى ھازىر بۇ يەرـ
دىن ئاچىقىپ خىزمىتىدىن قالدۇرۇۋەت.

① This story is adapted from a story from «دۇردانە لەتىپىلەر» (Precious Anecdotes) by ماخمۇت مۇھەممەت. Xinjiang People ' s Publishing House , Urumqi , 2003 , p. 69- 70.